# ئىزدىنىش

(تاللانما)

8

1994

www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1994-يىل 8-سان
(ئومۇمىي 74-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

## ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 12- ۋە 13-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

---

## مۇندەرىجە


ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش ...................................... جياڭ زېمىن (2)

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

——ژۇرنىلىمىز چاقىرغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆزلەردىن قىسقارتىلمىلار

بەي خېجىن، ليۇ گوگۇاڭ، ۋۇ شۇچىڭ،
گو جىنيىڭ، چېن چىڭتەي، سۇي جىسەي،
ۋەن باۋرۇي، ما يىمىن، شياڭ خۇەيچېڭ، ........................ (11)
دەي شياڭلوڭ، ياڭ جۇڭچۇەن، ياڭ پېيشىن،
ۋېي شىڭخۇا، چېڭ شيۇشېڭ، دەي گېنيۇ


★8-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:2498-11CN
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش*

جياڭ زېمىن

## 1. پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئۆگىنىشكە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش لازىم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداشلاردىن "ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش"نى قايتا-قايتا تەلەپ قىلدۇق. بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم. بۇلتۇر 7-ئايدا، مەن بىر قېتىملىق سۆزۈمدە بۇ ئىش ئۈستىدە مەخسۇس توختالغانىدىم. پۈتۈن پارتىيە بويىچە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى بۈگۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىمەكچىمەن.

يولداشلارغا مەلۇم، 1978-يىل 12-ئايدا، مەركىزىي كومىتېت پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى قارار قىلغان چاغدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئوچۇق كۆرسەتكەنىدى: "پۈتۈن پارتىيە يەنە يېڭىباشتىن ئۆگىنىشى كېرەك". ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ئاساسلىقى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى ئېلىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ كادىرلار يەنە سىياسىي ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ياخشى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولىدۇ. 1980-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنداق دېگەنىدى: "ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا، پارتىيىمىز ھامان ئۆگىنىشى كېرەك، كوممۇنىستلىرىمىز ھامان ئۆگىنىشى كېرەك، خەلقىمىز ھامان ئۆگىنىشى كېرەك. ھەرقانداق كىشى شۈكرى قىلىپ ئارقىدا قېلىۋېرىشنى راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك، ئارقىدا قالغاندا ياشىغىلى بولمايدۇ." ئۇ 1985-يىلى ئېچىلغان پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق تەكىتلەپ كۆرسەتتى: "ئەمدى يەنە بىر يېڭى تەلەپ قويماقچىمەن، بۇ تەلەپ يېڭى كادىرلارغىلا ئەمەس، پېشقەدەم كادىرلارغىمۇ باب كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش. بەلكىم بەزى يولداشلار: بىز ھازىر قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، شۇڭا كەسپىي بىلىملەرنى ۋە باشقۇرۇشقا

* بۇ ماقالە يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1994-يىل 3-ئاينىڭ 7-كۈنى مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتىپى خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەندە قىلغان سۆزى بولۇپ، تېمىسىنى تەھرىر قويغان.

ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەممىدىن زۆرۈر، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ نېمە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولسۇن؟ دېيىشى مۇمكىن. يولداشلار، بۇ خاتا چۈشەنچە. «” مەن پۈتۈن پارتىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمىتى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگىنىپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە شۇنىڭ بىلەن خىزمەتتىكى پرىنسىپاللىقنى، سىستېمىلىقنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى ۋە ئىجادكارلىقنى كۈچەيتىشى توغرىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ئىشقا ئاشىدىغان بىر قارار چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق بولغاندىلا، پارتىيىمىز سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاخىرقى مەقسىتىمىزگە يېتىپ، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. “» يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992-يىلى باھاردا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە بەزى دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ئېغىر ئەگرى-توقايلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ” ماركسىزم يوقالدى، كارغا كەلمەيدۇ، مەغلۇب بولدى دەپ قالماڭلار. نەدە بۇنداق ئىش بولسۇن! “ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزىنى ھەممەيلەن ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تەرەققىي قىلىپ ھەر بىر زور بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرگەندە، پۈتۈن پارتىيە يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە دۇچ كەلگەندە، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىدا قولغا كەلگەن ھەر بىر تەرەققىيات ۋە ھەر بىر غەلىبىنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشتە ئالغا ئىلگىرىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. پارتىيە مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان بىرنەچچە قېتىملىق زور ئۆگىنىش پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ئوچۇق كۆرۈلدى.

يەنئەن دەۋرىدە، جۇڭگو ئىنقىلابى ئىلگىرىكى ئون يىللىق ئىچكى ئۇرۇشتىن پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا بۇرالدى، پارتىيە ئىچىدە خاتا لۇشيەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى توغرا لۇشيەن پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى پۈتۈن پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئايلاندى. مۇشۇنداق بىر يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى شارائىت ئاستىدا، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتى، بۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشنىڭ ئەرپىسىدە، پارتىيىمىز ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشقا دۇچ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ، كونا جۇڭگودىن يېڭى جۇڭگوغا ئۆتۈش، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئۆتۈش، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى يېزىدىن شەھەرگە يۆتكەشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق زور بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، يولداش ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى يېڭى ۋەزىپىلەرنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئىلگىرى تونۇش بولمىغان، بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە چاقىردى. شۇ قېتىملىق ئۆگىنىشتىمۇ ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، بىز ناھايىتى تېزلا ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدۇق ھەمدە ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلىدۇق. بۇنداق غەلىبىلەرنىڭ

قولغا كېلىشىنىمۇ ئۆگىنىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن پارتىيە يەنە يېڭىباشتىن ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىشى، ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىمۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشى خېلى زور رول ئوينىغان. نۆۋەتتە، بىز نۇرغۇن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتىمىز. دۇنيا ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، پەن-تېخنىكا كۈنسايىن يېڭىلانماقتا. ئىچكى جەھەتتە ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش جەريانىدا تۇرماقتىمىز. يېڭى ۋەزىيەت بىزگە يېڭى ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى.

پارتىيىمىزنىڭ نەچچە ئون يىل توپلىغان مول تەجرىبىلىرىنىڭ ئىچىدە، ئەڭ مۇھىم تەجرىبە ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە پارتىيىمىزنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئىگىلىك يارىتىشتىن ئىبارەت. چوڭ-چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتلىرىدە يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋال، يېڭى بىلىم، يېڭى تەجرىبىلەر ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ، بىز ئۆگىنىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. يېڭى زىددىيەتنى تەھلىل قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللەش، يېڭى تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەم يېڭى ئەمەلىيەت جەريانى ، ھەم يېڭى ئۆگىنىش جەريانى. ئۆگىنىشنى كۈچەيتمىگەندە قارىسىغا ئىش قىلىدىغان پاسسىپ ۋە قالاق ھالەتتە قالىمىز-دە، رەھبەرلىك قىلىشتا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. پارتىيىمىز ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە بولغانلىقى، ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن-ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، جاپا-مۇشەققەت، ئەگرى-توقايلىقلارنى يېڭىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، گۆدەكلىكتىن يېتىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە قەتئىي تۈردە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش يولىدا مېڭىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى-يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە قاراپ ماڭالىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان تونۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسى.

ئۇ—ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى راۋاجى. بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارda يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئاساسىي رامكىسى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز تەرەققىي قىلىپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بىلەن نۇقتىلىق بۆسۈپ ئۆتۈش بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى، ئۇ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت،

ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق ھەممە ساھەلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ھازىر ۋەزىيەت ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، يېڭى مەسىلە، قىيىن ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، خىزمەت تېخىمۇ قىيىنلاشقانلىقىنى ھەممىمىز ھېس قىلىشىۋاتىمىز. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بىر خىل يېپىيېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش- تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئىشى بىزگە نەزەرىيە سەۋىيىسى، سىياسەت سەۋىيىسى، بىلىم سەۋىيىسى، خىزمەت سەۋىيىسى جەھەتلەردىن يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. بىز بىلمەيدىغان، چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر ناھايىتى جىق. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ چىقىش يولى ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، سەممىيەت بىلەن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللىۋېلىش، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئەسلىدىكى سەۋىيىدە توختاپ قېلىۋەر- سەك، خۇددى ”ئېقىمغا قارشى يۈرگەن كېمە ھەيدىمىسە چېكىنىپ كېتىدۇ“غاندەك، ۋەزىيەت تەرەققىياتى- نىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالىمىز. ۋەزىيەت ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلغانسېرى، بۇ مەسىلە شۇنچە گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىمۇ تولۇق كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز مۇرەككەپ، ئۆزگىرىپ تۇرغان خەلقئارا شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئىككى قۇتۇپلۇق قۇرۇلما تۈگەشكەندىن كېيىن، دۇنيا تىنچلىنىپ قالغىنى يوق. نۆۋەتتىكى خەلقئارا رىقابەتنىڭ شەكلى خىلمۇخىل، زىددىيەت چىگىش-مۇرەككەپ بولسىمۇ، ماھىيەتتە، ئۇ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكا كۈچىنى ئاساس قىلغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەتتۇر، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى رىقابەت، رەھبەرنىڭ قابىلىيىتى ۋە مىللەتنىڭ ساپاسى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە، بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇپ، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇشىمىز لازىم. بىز تىرىشىپ ئىشلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت، بولۇپمۇ پارتىيىمىزدەك چوڭ پارتىيە، دۆلىتىمىزدەك چوڭ دۆلەت ۋە مىللىتىمىزدەك ئاھالىسى كۆپ مىللەت ئەگەر ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىسا ۋە ھەر خىل يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللىمىسە، ئۇنىڭ ھەقىقىي تۈردە تېز يۈكسىلىپ كېتەلىشى، زامانىۋىلىشىش نىشانىغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۆگىنىش مەسىلىسى كەڭ كادىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە، دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن پارتىيىمىز، پۈتۈن مىللىتىمىز مۇشۇنداق ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار تىرىشىپ ئۆگىنىشى لازىم، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىشى تېخىمۇ زۆرۈر. ئۆزى چۈشەنمەي تۇرۇپ، باشقىلارغا يول باشلايدىغان- لار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا مۇنداق ئىككى جەھەتتىن ئۆگىنىش كېرەك، بىرى، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، يەنە بىرى، جەمئىيەتتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيىدىن ئۆگىنىش. رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ تەلىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ ئاساسلىقى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئوبدان ئۆگىنىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ۋە ئالاقىدار فاكچېن، سىياسەت، قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى، ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زامان پەن-تېخنىكىسىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك، بۇنىڭدىن سىرت يەنە جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىنى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنىمۇ ئۆگىنىش كېرەك.

بۈگۈن، مەن شۇنى يەنە ئالاھىدە تەكىتلىمەكچىمەنكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەسەرلىرىگە سىڭگەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمچە ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. توغرا مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلغا ئىگە بولغاندا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە تۈرلۈك ئىسلاھات لايىھىلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلەش، بىر تەرەپلىمىلىكتىن، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش بىر قەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ؛ ئۇلارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورۇنسىز تالاش-تارتىشلارنى ئازايتىش بىر قەدەر ئاسان بولىدۇ؛ خىزمەت داۋامىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئەمەلىيەتچىل بولۇش-يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۇبيېكتىپچىلىق ۋە قارىغۇلۇقتىن ساقلىنىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەممەيلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىۋاتقان ۋە تەتبىقلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتتىكى ئۈنۈمى ئوخشاش بولمىدى. ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“نىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئوبدانراق بىر تەرەپ قىلدى، بەزىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى دېگەندەك بولمىدى. مەسىلە كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاشتا پەرقىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئۆگىنىش ئارقىلىق ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى كۆپرەك ئىگەللەش، ئىدىيالىزم ۋە مېتافىزىكىنى ئازايتىش ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قويۇلغان مۇھىم بىر تەلەپتۇر.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئۆگىنىشتە، نۆۋەتتە ماركسىزمچە ئاممىۋى نۇقتىئىنەزەرنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەننى ئىگەللەشنى تېخىمۇ كۆپرەك تەكىتلەش كېرەك. بۇ—پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، رەھبەرلىك ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشنىڭمۇ ئېھتىياجى. بۇ مەسىلە توغرىسىدا، پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا مەخسۇس قارار چىقىرىلغانىدى، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزمۇ كۆپ قېتىم تەكىتلىدۇق. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا چاقىرىلغان مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتتۇم. بۇنىڭدىكى مەقسەت پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق، ياش كادىرلىرىمىز چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەلەپ قىلغاندەك، ”خەلق ھىمايە قىلىش-قىلماسلىق“نى، ”خەلق ياقلاش-ياقلىماسلىق“نى، ”خەلق خۇشال بولۇش-بولماسلىق“نى، ”خەلق ماقۇل بولۇش-بولماسلىق“نى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ

چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلىشى كېرەك. چوقۇم دائىم ئامما ئارىسىغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىخلاس بىلەن ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئۆگىنىشى، ئاممىدىن ئايرىلىدىغان بىيۇروكراتلىق ۋە شەكىلۋازلىقنىڭ ئالدىنى قەتئىي ئېلىشى ۋە ئۇنى قەتئىي تۈگىتىشى كېرەك.

قىسقىسى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشنى ئوبدان تۇتۇشتا ئىشنى رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا پۇختىلىق بىلەن ئۆگىنىش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ كۆپرەك، ياخشىراق ئۆگەنگەنلىكىنى، كىمنىڭ نەتىجىسى چوڭراق بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى تىرىشىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىش بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

## 2. پارتىيە مەكتىپىنىڭ خىزمىتىدە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش—پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى، ياخشى ئىستىلى، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلى، پارتىيىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇستۇنلۇكىدۇر. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشىمىز ۋە ياخشىلىشىمىزدا ئوبدان ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا بىزنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى بىر مۇھىم فاڭجېن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۇنىڭدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىمىز دەيدىكەنمىز، قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، كادىرلىرىمىز ئىچىدە نەزەرىيە ئۆگىنىشى يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى بار، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى دېگەندەك ئوبدان ھەل بولمىغان. بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ: ماركسىزمنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت پۈتۈنلەي تەتبىقلاشتا، ماركسىزمدىن ئىبارەت ” ئوق “نى جۇڭگو ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ” نىشان “غا ئېتىش لازىم، دەپ ئېيتقانىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشتە جەۋھىرىنى، كارغا كېلىدىغىنىنى ئۆگىنىش لازىملىقىنى ئېيتقان. دېمەك، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم.

پارتىيە مەكتىپىنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقاتى سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. پارتىيە مەكتىپىنىڭ تەربىيىلەيدىغان ئوبيېكتلىرى ئاساسەن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار. پارتىيە مەكتىپى تەلىم-تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ھەمدە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، پارتىيە مەكتىپى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ مۇھىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز بېلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش، ئۇنىڭدا قىلچە مۇجمەللىك قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسىغا قۇرۇلغان. بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىگىنىمىزدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىمەي مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئىككىسىنىڭ بىردەكلىكى بار. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ.

پارتىيە مەكتىپى ئوقۇتۇشىدا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن نەزەرىيىگە زور ئەھمىيەت بېرىش، نەزەرىيىنى ياخشى ئۆگىنىش لازىم، يۈزەكىلا تەتقىق قىلىپ بولدى قىلىشقا، ھەرپ مەنىسى بويىچىلا ئادەتتىكىچە چۈشىنىپ قانائەت ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنىڭ يېڭى بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. ئەمما بۇ ھەر بىر پارتىيە تەشكىلاتى، ھەر بىر پارتىيىلىك كادىرنى نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش مەسىلىسى تەبىئىي ھالدا ھەل بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئۆگىنىش جەريانى كېرەك. ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ھەل قىلالىسىڭىز، ئاندىن بۇ نەزەرىيىنى ھەقىقىي ئۆگىنىۋالغان بولىسىز. " نىشانسىز ئوق ئېتىش "قا بولمايدۇ. " نىشان بار تۇرۇپ ئوق ئاتماسلىق "قىمۇ بولمايدۇ. نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ بىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشتىكى تۈپ مەقسىتىمىز. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ تارىخىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ۋە ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تولۇق، توغرا ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە قەتئىيلىكىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھازىر بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز نۇرغۇن چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىگە توغرا جاۋاب تېپىشىمىز لازىم. مەسىلەن، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش مەسىلىسى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى، شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىش مەسىلىسى، ئىجتىمائىي تەقسىماتتىكى ئادىللىسىزلىقنى ھەل قىلىش مەسىلىسى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسى، خەلقئارا رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇش مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر. قىسقىسى، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ھەرقايسى جەھەتلەردە بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ. پارتىيە مەكتىپى كۇرسانت تەشكىللەپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر كۆرۈشكە ياردىمى بولىدىغان نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلىشى لازىم.

نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كۆرسانتلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ، شۇنداقلا پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ۋە ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ. يولداشلار، ھەممىمىز بۇ جەھەتتە ئىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى.

## 3. پارتىيە كومىتېتلىرى پارتىيە مەكتىپىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك

بىز كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە، پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇھىم ئورنىغا ۋە رولىغا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئومۇملۇقىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىلئەبەد ئامان بولۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. ئادەم ئىشلىتىشنىلا تۇتۇپ، تەربىيىلەش ئىشىنى تۇتمايدىغان، ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېتىشتۈرۈشكە سەل قارايدىغان كالتە پەملىكتىن قەتئىي ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەر دەرىجىلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى ئىنتايىن زور بولدى، ئۇلار پارتىيە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە نەزەرىيە ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئۆلكە-مىنىستىر دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت-نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ياكى ئۆلكە دەرىجىلىك پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. بىزنىڭ پارتىيە مەكتەپلىرىمىز تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىق خادىملارنى داۋاملىق يېتىشتۈرۈشى كېرەك. ھازىرقى مەسىلە شۇكى پارتىيە مەكتەپلىرى يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. بۇ ھال پارتىيە مەكتەپلىرىدىن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىگە قويۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ھالقا قاتارىدا تۇتۇشى كېرەك. پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى چۆرىدەپ، توغرا مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىنى ئىگىلىشىگە بېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. كادىر باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسى بويىچە دەرىجىمۇدەرىجە مەسئۇل بولۇپ، كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيە مەكتىپى خىزمىتىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ تۇرۇشى ۋە ھەل قىلىشى لازىم. پارتكومدىكى مەسئۇل يولداشلار پارتىيە مەكتىپىگە بېرىپ دەرس ئۆتۈپ تۇرۇشى، بەزى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا قاتنىشىپ تۇرۇشى كېرەك. پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ باشقۇرۇش شارائىتىنى پەيدىنپەي ياخشىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە پارتىيە خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپنى قويىدى، شۇنداقلا پارتىيە مەكتىپىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هەربكەتلەندۇرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئەتتى. پارتىيە مەكتىپى سىستېمىسىدىكى يولداشلارنىڭ ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ۋەزىپە تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۆستۇرۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلىشىنى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيە مەكتىپى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ داۋاملىق جۇشقۇن راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايشەم تاۋار**
**ئەركىنجان**
**رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل تەھرىرلەر: ئەركىنجان**
**ئايشەم تاۋار**

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

——ژۇرنىلىمىز چاقىرغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت سۆھبەت
يىغىنىدىكى سۆزلەردىن قىسقارتىلمىلار

**تەھرىر ئىلاۋىسى: پارتىيە14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى، كۆپ جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە ساغلام ئېلىپ بېرىلماقتا. نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش يۈزىسىدىن، ژۇرنىلىمىز 5-ئاينىڭ 13-كۈنى مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە ئىقتىسادشۇناسلارنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلغانىدى. سۆھبەت يىغىنىغا باش تەھرىر يولداش شىڭ بېنسى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندىكى سۆزلەرنى قىسقارتىپ ئېلان قىلدۇق.**

## نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش كېرەك

بەي خېجىن

( دۆلەت پىلان كومىتېتى خەلق ئىگىلىكى ئۇنىۋېرسال باشقارمىسىنىڭ باشلىقى )

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئېلىمىز ئىگىلىكى ياخشى تەرەپكە قاراپ راۋاجلانماقتا، ئومۇمىي ۋەزىيەت دۆلەت ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشانغا كۈنسايىن يېقىنلىشىپ بارماقتا. بۇ ئاساسەن مۇنۇ ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئاساسلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىزىغا چۈشۈرۈش، چوڭقۇر قاتلامدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقى سودا، تاشقى پېرېۋوت قاتارلىق

ساھەلەردىكى چوڭ-چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى پىلان بويىچە تەرتىپلىك، ئوڭۇشلۇق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، ئاساسىي جەھەتتىن نورمال يولغا قويۇلماقتا، ئىقتىسادىي تۈرمۇشتا چوڭ داۋالغۇش بولمىدى، بۇ، ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. بۇنىڭغا ئىجابىي باھا بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش يۈزلىنىشچانلىقى داۋاملىق ساقلانماقتا. ئىقتىسادىمىز ئۆدا ئىككى يىل 13 پىرسەنتلىك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئاشقان ئاساستا، بۇ يىل 1-پەسىلدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن يەنە 12.7% ئاشتى. بۇ يىل 1—4-ئايلاردا، مەملىكەت بويىچە يېزا دەرىجىلىك ۋە يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سانائەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 18.4% ئاشتى، 4-ئايدىكى ئۆسۈش سۈرئىتى 20% كە يەتتى. دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ 1-پەسىلدىكى ئۆسۈش سۈرئىتى سەل تۆۋەنرەك بولغان بولسىمۇ، 4-ئايدا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 4-ئايدا دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 5% ئېشىپ، ئېشىش ھەجمى 1-پەسىلدىكىدىن ئاز كەم 3% يۇقىرى بولدى. بۇ ھال شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش كۈچەيتىلگەندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى سىلىق ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈش داۋامىدا يەنىلا بىر قەدەر تېز بولدى، ”تۇرغۇنلۇق“ پۇل پاخاللىقى“ كېلىپ چىقمىدى، كارخانىلاردا زور كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش، يېرىم توختاپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بەرمىدى. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىر دۆلەت كارخانىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان ۋە تولۇق ئىشلىمەيۋاتقانلىرى 10% نىلا تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان كارخانىلار 4 پىرسەنتچىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇلار ئاساسەن ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان ياكى تولۇق ئىشلىمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۈچىنچى، يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئىقتىساد تېز ئۆسۈش جەريانىدا كېلىپ چىققان بەزى گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەسەيدى، ماكرو ئىگىلىكنىڭ مۇقىملىقى ئاشتى. ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى مەسىلە ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ: بىرىنچىدىن، يېڭىدىن يولغا قويۇلغان ” ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش ۋە مەنپەئەتنى ئۆتۈنۈپ بېرىش “ تەدبىرى ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي تەرتىپتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى،مەسىلەن قالايمىقان مەبلەغ ئۆتنە ئېلىش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، قالايمىقان مەبلەغ سېلىش، باجنى قالايمىقان كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، ئۆي-جاي قۇرۇلۇشى قىزىپ كېتىش، تەرەققىيات رايونلىرى قۇرۇلۇشى قىزىپ كېتىش، يەرلەرنى زور مىقداردا قارىغۇلارچە ئۆتۈنۈپ بېرىش، دۆلەت كارخانىلىرىنى خالىغانچە سېتىۋېتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى بۇرۇنقىدەكلا ئاساسەن مەبلەغنى ئاشۇرۇشقا، يېڭى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا تايىنىپ، يىرىك باشقۇرۇش، كۆلىمىنى كېڭەيتىشتەك سان جەھەتتىن كېڭەيتىۋېتىدىغان كونا يولدىن قۇتۇلالمىدى، شۇڭا، سۈرئەت تېزلىتىلىش بىلەنلا، ” بوغما كەسىپلەر “نىڭ چەكلىمىسىمۇ تېزدىنلا كۈچىيىپ كېتىپ، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭسىز بولۇپ قېلىش ۋە قۇرۇلما نىسبىتىنىڭ بۇزۇلۇش زىددىيىتىنى قايتىدىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، بۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلىلەر ئاخىرقى ھېسابتا پۇل پاخاللىقىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى بولۇپ ئىپادىلەندى. مەركەز بۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى

كۆچەيتىش ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا قوللاندى. بۇ يىل، مەركەز يەنە "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش" دېگەن بەش سۆزلۈك فاڭجېننى بەلگىلەپ چىقتى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى تۆت ئېيىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، مەبلەغ سېلىش، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە، مال باھاسى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسى ئاستا تۆۋەنگە چۈشۈش نىشانىغا يېقىنلىشىپ بارماقتا. ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى يۇقىرى سەۋىيىدە سىلىق ھالدا تۆۋەنگە چۈشمەكتە، چوڭ ئۆرلەش-چوڭ پەسىيىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ئىجابىي باھا بېرىش بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىش كېرەككى، ھازىر ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئاساسى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ چوڭ ئەمەس، يېقىنقى ئىككى يىلدا كېلىپ چىققان گەۋدىلىك زىددىيەتلەر كەلتۈرگەن ئاقىۋەتنى كۆتۈرۈش ۋە تۈگىتىش ئۈچۈن يەنە مەلۇم ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزۈلمىنى يەڭگۈشلەشتە مۇقەررەر بولىدىغان كالتە تولغاق ئەمدىلا ھەقىقىي باشلاندى. بۇنداق شارائىتتا، ئىشتا سەل كەتكۈزۈپ قويساقلا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تاسادىپىي ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى يەنىلا مۇمكىن. شۇڭلاشقا، بۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يەنىلا ھازىرقى سەۋىيىدە ساقلىشىمىز، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ تۇتۇش قىلىشىمىز ھەمدە بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل پاخاللىقىنى چەكلەشنى داۋاملىق ھالدا بۇ يىلقى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، شۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا ئىقتىسادنى مۇۋاپىق سۈرئەتتە داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈشىمىز، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى ئاكتىپ ھەم پۇختا ھالدا ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

# پەيتنى پەملەش، ۋەزىيەتنى كۆزىتىش ئاساسىدا ئاز-ئازدىن تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك

لىيۇ گوگۇاڭ

(جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى)

ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش كۈچەيتىلگەندىن بۇيان، ئۈنۈم ھاسىل بولدى. ئىقتىساد زىيادە قىزىپ كېتىش، پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قالايمىقان بولۇش ئەھۋالى مەلۇم دەرىجىدە ئوڭشالدى، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى بىر ئاز ئاستىلىتىلدى. بۇ يىلنىڭ 1-پەسلىدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى، سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى بۇلتۇرقىدىن چۈشتى. يالغۇز مال باھاسى سەۋىيىسىلا چۈشمەي ئۆز پېتى تۇرۇۋەردى. بۇنىڭدا باھا سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتىكى تەڭشەش-تىزگىنلەشتىن ئارقىدا قېلىش مەسىلىسى ئەلۋەتتە بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ،

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۆرلەش ھەجمىنىڭ 20 نەچچە پىرسەنتكە يېتىشى كىشىنى تەشۋىشكە سالماي قالمايدۇ.

نۆۋەتتىكى ماكرو ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئۈستىدىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. بەزى يولداشلار، پۇل پاخاللىقى چوڭ مەسىلە ئەمەس، ئىشسىزلىقلا چوڭ مەسىلە بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىر كارخانىلارنىڭ كۆنى بىر قەدەر تەس، مەبلەغ جەھەتتىن قىسىلىپ قېلىش، ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كېتىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، قىسمەن كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش، يېرىم توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بەزى يولداشلار بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ھازىر" تۇرغۇنلۇق، پۇل پاخاللىشىش " ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، نۆۋەتتىكى ئاساسىي خەۋپ " پۇل پاخاللىشىش " ئەمەس، بەلكى" تۇرغۇنلۇق " دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ خىل قاراشقا قوشۇلالمايمەن. گەرچە بىرنەچچە ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنىڭ ئۆسۈش ھەجمى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆسۈش سۈرئىتى يەنىلا خېلى يۇقىرى بولدى، 1-پەسىلدە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى %12.7، سانائەت %18.6، مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ %36.2 ئاشتى. بۇلارنىڭ خېلى يۇقىرى سۈرئەت ئىكەنلىكىنى كۆرمەي بولمايدۇ، نۇرغۇن ساھەلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ھېلىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، مەسىلەن بەزى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلاردا، ئىچكى جەھەتتىمۇ، تاشقى جەھەتتىمۇ بازىرى ئىتتىك بولغان نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدا ئىش تازا قايناپ تۇرماقتا، بۇنىمۇ " تۇرغۇنلۇق، پۇل پاخاللىشىش " دېگىلى بولامدۇ؟ دەرۋەقە، ئىقتىساد بەك قىزىپ كەتكەن مەزگىللەردە قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغاچقا، ھازىر بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇق بولۇپ قېلىش ئەھۋالى ھەقىقەتەن مەۋجۇت؛ ئىقتىساد بەك قىزىپ كەتكەن مەزگىللەردە ھەقىقىي ئەھۋالى يېپىلىپ قالغان تۆۋەن ئۈنۈملۈك، مەنپىي ئۈنۈملۈك كارخانىلارنىڭ ئىقتىساد دەۋرىيلىكى يۇقىرى پەللىدىن ئۆتۈپ پەسىيىش باسقۇچىغا كىرگەندە قىيىن ئەھۋالدا قېلىشى تەبىئىي، لېكىن بۇنىڭ ئۆزى دەل بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش ئۈچۈن تازا ياخشى پۇرسەت ئېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ھېچ ئەجەبلىنەرلىكى يوق؛ دەرۋەقە، ئۈنۈمىمۇ ياخشى، مەھسۇلاتىنىڭ بازىرىمۇ بار، قوللاشقا تېگىشلىك بەزى كارخانىلارمۇ يا ئۇنداق، يا بۇنداق قىيىنچىلىقلارغا، بولۇپمۇ مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ئۇنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن نۆۋەتتە ئىقتىسادتىكى ئاساسىي مەسىلە تۇرغۇنلۇق، پۇل پاخاللىشىش مەسىلىسى دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنداق دېيىش ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى خاتا تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى پۇل پاخاللىقى ئوتتۇراھال پۇل پاخاللىقى چېكىرىسىدىن ئۆتۈپ، بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتىدۇ. گەرچە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى بۇندىن كېيىن سەل پەسىيىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇل ئوبوروتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرى بىلەن يەنە ئۆرلەپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، بۇ تازا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە.

نۆۋەتتە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئىككى جەھەتتىن بېسىم ۋە توساققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بىر جەھەتتىن، جايلار ۋە كارخانىلارنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پۇل ئوبوروتى ئۈستىدىكى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ساداسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، جەمئىيەتتىكى كەڭ خەلقنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۇل پاخاللىقىنى پەسەيتىپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ساداسىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى بېسىمغا باش ئېگىپ، سىلىق پەسەيتىش ئىشقا ئېشىشتىن بۇرۇنلا پۇل ئوبوروتى ئۈستىدىكى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويساق، پۇل پاخاللىقى يامان ئەدەپ كېتىدۇ، ئاخىر بېرىپ جەمئىيەت كۆتۈرەلمەيدىغان، كەسكىن تەدبىر

قوللىنىپ تۇسماي بولمايدىغان دەرىجىگە يېرىپ يېتىپ، زور زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر كېيىنكى بېسىمغا باش ئەگسەك، ئىقتىسادنى بىردىنلا تېزلىك بىلەن چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىپ، ھالسىز قىلىپ قويۇشىمىز مۇمكىن، بۇمۇ ئوخشاشلا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئىلگىرى بىز ھەر ئىككى يولنى تۇتۇپ دەرت تارتقانىدۇق، شۇڭا ئۇلاردىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە نۆۋەتتىكى ئىقتىساد دەۋرىيلىكىنىڭ بېرىشىغا ماس كېلىدىغان بىردىنبىر ئۈنۈملۈك چارە پەيتىنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئاز-ئازدىن تەڭشەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت، دېمەك، بوشراق تۇتۇش بىلەن چىڭراق تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، گاھى بوشراق تۇتۇپ، گاھى چىڭراق تۇتۇپ، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىنى قىسپىراق ساقلاپ تۇرۇش، بۇ يىل ۋە كېلەر يىل ئىككى يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈشىنى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى تىزگىنلەپ بىر قەدەر ياخشى نىشانغا يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق سىلىق ھالدا كېيىنكى ئىقتىساد دەۋرىيلىكىگە ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. مېنىڭچە، بۇ دەل بۇلتۇردىن باشلاپ يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان، بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك بولغان توغرا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش فاڭجېنىدۇر. بۇ چارە ئىككى جەھەتتىن كەلگەن بېسىمنى تەلتۆكۈس تۈگىتىشكە، ئىككى تەرەپنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلسىمۇ، لېكىن ھەر تەرەپلىمە ئويلانغاندا، بۇ ئازراق بەدەل تۆلەپ، چوڭراق ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغان، ھەم پۇل پاخاللىقىنىڭ يامان ئەدەپ كېتىشىدىن ساقلاشقا، ھەم مەلۇم سۈرئەتتە ئۆسۈشنى ساقلاشقا ئىمكان بېرىدىغان يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش، تېخىمۇ كۆپرەك . ۋاستىلەرنى قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى باردەك تۇرىدۇ. ھازىر ئىقتىسادىمىز يەنىلا ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە تۇرۇۋاتقانلىقى، كونا تۈزۈلمە بىلەن يېڭى تۈزۈلمىدىن ئىبارەت ئىككى يولدا مېڭىش ئەھۋالى يەنىلا خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە بىۋاسىتە مەمۇرىي ۋاستە بىلەن ۋاستىلىك بازار ۋاستىسىنى تەڭ قوللىنىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ؛ لېكىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بىز ۋاستىلىك ۋاستىلەرنى قوللىنىش دائىرىسىنى مەقسەتلىك ھالدا كېڭەيتىشىمىز لازىم. ئۆسۈم پىرسەنتى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋاستىلىك تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۆسۈم پىرسەنتىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى رولىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم. ئىسلاھات باشلانغاندىن بۇيان بىز ئۆسۈم پىرسەنتى ۋاستىسى ئارقىلىق بىرنەچچە قېتىم ماكرولۇق تەڭشەشنى ئېلىپ باردۇق، تولىسىدىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل بولدى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئۆسۈم پىرسەنتى ۋاستىسىدىن پايدىلىنىش تېخى يېتەرلىك ئەمەس، بانكىنىڭ ئۆسۈم پىرسەنتى ھېلىمۇ مەمۇرىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىۋاتىدۇ، ئۆسۈم پىرسەنتى ئومۇمەن تۆۋەنرەك، ھەتتا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىدىنمۇ تۆۋەن، نەتىجىدە مەنپىي ئۆسۈم پىرسەنتى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنداق مەنپىي ئۆسۈم پىرسەنتى ئومۇمىي تەلەپ كېڭىيىشىنىڭ بىر چوڭ تۈرتكىسى، ئىقتىسادنىڭ ھەددىدىن زىيادە قىزىپ كېتىشىدىن ۋە پۇلنىڭ پاخاللىشىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ چوڭ توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. ئۆسۈم پىرسەنتى ئىسلاھاتى كۆپ جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭدا مەلۇم خەۋپمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭغا بىر جەريان كېرەك. بىز ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، پىرىۋوت نىسبىتىنى ئىسلاھ قىلغاندىكىدەك جاسارەت بىلەن ئۆسۈم پىرسەنتىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

# ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

ۋۇ شۇچىڭ

(بېيجىڭ داشۆنىڭ مۇدىرى)

ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش كېرەك. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى ماكرو ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارىنى تەڭشەش-تىزگىنلەشتىن، يەنى ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئومۇمىي تەمىناتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇشىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوبدان تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىنات بىلەن ئومۇمىي تەلەپنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇشىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەمىناتنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپنىڭ تولىمۇ تېز ئېشىپ بېرىشىنى تىزگىنلەش كېرەك. تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدە ئومۇمىي تەلەپنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئاز ئۇچرىغان، ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ قېلىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئومۇمىي تەلەپنىڭ تولىمۇ تېز ئاشقانلىقىدىن بولغان. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى، ئومۇمىي تەلەپنىڭ تولىمۇ تېز ئېشىشى ئاساسەن مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ ھەددىدىن زىيادە زورىيىپ، دۆلەتنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققانتى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، ئىلگىرىكىدەك ئىستېمال فوندىنىڭ ئېشىشىنى سۈنئىي ھالدا توسۇش يولى بىلەن جوغلانما نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت قالمىغاچقا، شۇنىڭدەك كىرىمنىڭ توسالغۇسىز ئۆسكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئومۇمىي تەلەپنىڭ تولىمۇ تېز ئېشىشى كۆپ چاغلاردا مەبلەغ سېلىش كۆلىمى بىلەن ئىستېمالنىڭ تەڭ ئېشىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئومۇمىي تەلەپنىڭ تولىمۇ تېز ئېشىشىنى تىزگىنلەشتە، ھەم تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى تىزگىنلەش، ھەم ئىستېمال تەلىپىنىڭ ئېشىشىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەش ۋە يېتەكلەش كېرەك.

مۇۋاپىق بولغان مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى ساقلاپ، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى دۆلەت كۈچىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا، مەبلەغ سېلىش-مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش خەۋپ-خەتىرىنىڭ چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا تايىنىش كېرەك. لېكىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان مەبلەغ سېلىش-مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا بىر جەريان كېرەك، ئۇنى بىردىنلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، يېڭى تۈزۈلمە بەرپا قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ۋاسىتىلىك تەڭشەپ تىزگىنلىشى يەنىلا زۆرۈر بولىدۇ. تۈزۈلمە ئۆزگەرتىلىۋاتقان ھازىرقى

ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇش كۆلىمى ناھايىتى زور ۋە بۇ يىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئەھۋالدا، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ داۋاملىق زورىيىشىنى قەتئىي تىزگىنلەش كېرەك. بۇ پۇل پاخاللىقنى مەنبە جەھەتتىن تىزگىنلەشنىڭمۇ ئېھتىياجى. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەن سەۋىيىلىك، تۆۋەن ئۈنۈملۈك تەكرار قۇرۇلۇشلارنى بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن قاتتىق تىزگىنلەش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي سانائەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىمۇ مادارىمىزغا قاراپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى قىزىپ كېتىش، ئۆي-زېمىن قۇرۇلۇشى قىزىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىدىن ئالاھىدە ساقلىنىش لازىم. مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى تىزگىنلەش مەسىلىسىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي تاپقۇزۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئىجابىي جەھەتتىن، ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، بىرنەچچە يىلدا بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن تىرىشىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىدا مۇھىم بىر ستراتېگىيىلىك ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئىقتىسادىي مەسىلە سىياسىي نۇقتىدىن بايان قىلىندى. ھەر يىللىق مەبلەغ سېلىش كۆلىمى قانچىلىك بولغاندا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىغا، تەرەققىيات سۈرئىتى قانچىلىك بولغاندا جايىدا بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدا تەرەققىيات سۈرئىتى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان ماقالىلەر ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە، بىر جەھەتتىن، ئومۇمىي جەھەتتىن تەرەققىياتنى تېزلىتىش تەلەپ قىلىنغان، يەنە بىر جەھەتتىن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يۇقىرى سۈرئەتنى قوغلىششقا قارشى تۇرۇلغان، باشقۇرۇش ۋە سۈپەتنى ئوبدان تۇتۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى چوڭ قىلىۋەتمەسلىك تەكىتلەنگەن، بولۇپمۇ پەن-تېخنىكا ۋە ماارىپقا تايىنىپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش تەكىتلەنگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ھەم تەرەققىياتنىڭ چىڭ قائىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش، ھەم تەرەققىياتتا يېڭى يول ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش، قارىغۇلارچە مەھسۇلات قىممىتىنى، سۈرئەتنى قوغلىشىدىغان ۋە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىۋېتىدىغان كونا يولدا ماڭماي، ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىدىغان يولغا يۈرۈلۈش كېرەك.

ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، يەنە پۇل قەرز بېرىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، مەركەز بانكىسىنىڭ پۇلنى تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە ھەر خىل پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۈستىدىكى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاساس پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. كۆچمە مەبلەغ قىس بولۇش، قىسمەن كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش، يېرىم توختاپ قېلىش ۋە تولۇق ئىشلىمەسلىك مەسىلىلىرىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەر بىر قەدەر مۇرەككەپ، ئۇنى ئاددىي ھالدىلا پۇل قەرز بېرىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مەملىكىتىمىز ئىقتىساد تېز ئېشىۋاتقان مەزگىلدە تۇرغاچقا، مەبلەغ قىسچىلىقى مەسىلىسى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە پۇل تارقىتىش، ئىناۋەتلىك قەرز تارقىتىش ئومۇمىي مىقدارى خېلى كۆپەيدى دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن مەبلەغ جەھەتتىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ زىددىيىتى يەنىلا ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى، بۇنىڭغا

خېلى زور دەرىجىدە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى، كەسىپ قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار ئۈستىدىكى ماكرولۇق تەڭ-شەش-تىزگىنلەشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى سەۋەبچى بولدى. ئاددىي ھالدا پۇل ئوبوروتى ئۈستىدىكى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇش، ئىناۋەتلىك قەرز تارقىتىشنى كەڭ قويىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كارخانىلار-نىڭ مەبلەغدىن قىسىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە مالىيەدىن ئىناۋەتلىك قەرز تارقىتىشتىن ئىبارەت يۇمشاق چەكلەش ۋاستىسىنىڭ كۈچەيتىلىشى كارخانا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە تېخىمۇ پايدىسىز بولغاچقا، مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسى بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ. بۇنىڭدا كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، بازارغا ماسلە-شىش ئىقتىدارى ۋە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىن باشقا چىقىش يولىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھسۇلاتنىڭ بازىرى بار، ئۈنۈمى ياخشى كارخانىلارغا كرېدىت مەبلىغى جەھەتتىن ياردەم بېرىش، بازىرى يوق مەھسۇلاتلارغا قارىتا «ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش، ئامباردا بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلارنى ئازايتىش، سېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇش، چەكلىك مەبلەغنى ھەقىقىي تۈردە تېگىشلىك جايغا ئىشلىتىپ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

# ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا تۆت ھالقىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك

گو جېنيىڭ

(گوۋۇيۈەن تەتقىقات بۆلۈمى سانائەت-قاتناش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى)

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا ئىسلاھات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئاساسى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل راۋاجلىنىشىنى ساقلاپ، چوڭ-داۋالغۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشتا، ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، بولۇپمۇ مالىيە، كرېدىت، تاشقى پېرېۋوت ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش يەنىلا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىقتىسادىي خىزمەتتە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدىغان يۇقىرى سۈرئەتنى قارىغۇلارچە قوغلىشىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا تۇراقسىزلىق ئامىللىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىمۇ، خەلق تۇرمۇشىنىمۇ مادارغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم، تۇراقلىق مۆلچەرلىك مەبلەغ سېلىشنى دۆلەتنىڭ كۈچىگە ماسلاشتۇرۇش، تۇرمۇش ئىستېمالىنىڭ ئېشىشىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم. بارلىق چارە-ئاماللار بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى ئاشۇرۇش بىلەن بىللە، ئومۇمىي تەلەپنىڭ تولىمۇ تېز ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش يەنىلا بۇ يىلقى ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى جىددىي ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يىل تىرىشىپ مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك:

تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. بۇ يىل ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە كۆزلەنگەن ئەڭ مۇھىم نىشان تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئېشىش ھەجمىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىڭ ئېشىشى تولىمۇ تېز بولدى، 1992-يىلى %37.6 ئاشتى، 1993-يىلى يەنە %50.6 ئاشتى، بۇ يىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنىمۇ كىچىك دېگىلى بولمايدۇ، مۇشۇنداق كېڭەيتىۋەرسە بولمايدۇ. ئاساسىي سانائەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىدىمۇ مادارىغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىم، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. يېڭى ئىش باشلايدىغان قۇرۇلۇشلارنى قاتتىق تىزگىنلەش، تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشى قىزىپ كېتىش ۋە ئۆي-زېمىن قۇرۇلۇشى قىزىپ كېتىش ئەھۋاللىرىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش لازىم.

مۇۋاپىق دەرىجىدە قىسىپراق ئىگىلەيدىغان پۇل سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، تەمىنلەنگەن پۇل مىقدارى بىر ئازكۆپ بولۇپ كەتكەچكە، تولىمۇ زور بازار تەلىپى شەكىللىنىپ قالدى، بۇنى تىزگىنلىمەي بولمايدۇ. 1990-يىلدىن بۇيان، پۇل تارقىتىش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 23.7 پىرسەنتلىك سۈرئەتتە ئېشىپ كېلىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن 1.8 ھەسسە يۇقىرى بولدى. يېڭىدىن بېرىلگەن قەرز پۇلمۇ بىر قەدەر كۆپ كۆپەيدى، 1992-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ قالدۇقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %19.8 ئاشتى، 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ قالدۇقى ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنە %22.4 ئاشتى. 1994-يىلى كرېدىت كۆلىمى 470 مىليارد يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى، بۇ ھەر جەھەتتىكى شەرت-شارائىتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئاساسىدا بەلگىلەنگەن، بۇ كۆلەممۇ كىچىك ئەمەس. بۇ يىل پۇل تارقىتىش كۆلىمى ۋە كرېدىت كۆلىمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. مەركەز بانكىسى پۇلنى تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە ھەر خىل پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئۈستىدىكى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاساس پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلىشى لازىم. ھەرقايسى بانكىلار ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسى پۇل قەرز بېرىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، كرېدىت قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن سەرخىللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى داۋاملىق تۈزەپ، مەبلەغنى قالايمىقان ئۆتنە ئېلىش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش كېرەك، قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەبلەغنى قەتئىي قايتۇرۇۋېلىش كېرەك.

ئىستېمال تەلىپىنى تىزگىنلەش ۋە يېتەكلەش كېرەك. نۆۋەتتە مەبلەغقە بولغان تەلەپنىڭ ئېشىشى بىر قەدەر تېز بولۇپلا قالماستىن، ئىستېمالغا بولغان تەلەپنىڭ ئېشىشىمۇ بىر قەدەر تېز بولۇۋاتىدۇ، بۇ پۇلنىڭ پاخاللىششىغا سەۋەبچى بولغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل. 1992-يىلى مەملىكەت بويىچە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن %17 ئاشتى، 1993-يىلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنە %21.1 ئاشتى. ھەر ئىككى يىلدىكى ئېشىش ھەجمى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە 13 پىرسەنتلىك ئېشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. خەلقنىڭ ماددىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى، لېكىن ئۇ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىغا قويۇلۇشى لازىم. كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارخانا ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنى كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىدىن تۆۋەن قىلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتىنى شۇ كارخانىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈش ھەجمىدىن تۆۋەن قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىستېمال دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئاھالىلەرنى ئۆي-جاي، ماشىنا قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا، شۇنىڭدەك مەدەنىيەت پائالىيىتى، ساياھەت پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۇرۇش كېرەك.

مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمىنى تىزگىنلەش كېرەك. پۇل پاخاللىشىش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يۇكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. بۇلتۇردىن بۇيان مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ يىل مال باھاسى جەھەتتە خېلى زور بېسىمغا ئۇچراۋاتىمىز. باھا ئىسلاھاتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمىنى بارلىق ئامىللار بىلەن تىزگىنلەپ، ئۇنى بەلگىلەنگەن نىشاندىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان باھانى تەڭشەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تەشكىللەپ يولغا قويۇش لازىم، ھەرقايسى تارماقلار، جايلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باھانى ئۆرلىتىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. يېڭى باج تۈزۈمىنى توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھازىرقى زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى، ئۇلگۇجە سېتىش باھاسى ۋە پارچە سېتىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئاساسىي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە زاپاس ساقلاش تۈزۈمىنى ۋە ئاشلىق، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بويىچە خەۋپ-خەتەر فوندى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازاردىكى تاۋار ئوبوروتىنى ئوبدان تەڭشەپ، بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئىجتىمائىي ئۈنۈملۈك تەمىناتنى تىرىشىپ ئاشۇرۇش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاھالىلەر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش ئىشىنى ئوبدان تۇتۇش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە شەھەرلەرنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

# دۆلەت كارخانىلىرىنى يەنىمۇ ياخشى باشقۇرۇشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك

چېن چىڭتەي

( دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى )

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتىدىكى ئاساسىي ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، توغرا ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى تۈزۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

1. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش ۋە يېرىم توختاپ قېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا

دۆلەت كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا تۇرۇۋاتقاچقا، قىسمەن كارخانىلار يا ئۇنداق، يا بۇنداق قىيىنچىلىققا يولۇقۇۋاتىدۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى. بۇ يىل 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان ئۆلچەم بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4.7% ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە 4-ئايدا ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ ئېيىدىكىدىن 5% ئاشتى، ئېيتىشلاردا دېيىلگەندەك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كەڭ دائىرىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش ۋە يېرىم توختاپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىدى. 16 ئۆلكە، شەھەردە ئېلىپ بېرىلغان يازما سوئال قويۇپ تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ھازىر ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان ۋە تولۇق ئىشلىمەيۋاتقان كارخانىلار تەخمىنەن كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغانلىرى 4 پىرسەنتچىنى تەشكىل قىلىدۇ. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ شۇنداق، بېيجىڭ شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان ۋە يېرىم توختاپ قالغان كارخانىلار 317 بولۇپ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى شۇ كارخانىلار بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدىكى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 2.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇ كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر شۇ كارخانىلار بىلەن ئوخشاش ئۆلچەمدىكى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ئىشچى-خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 2.13 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان، يېرىم توختاپ قالغان بەزى كارخانىلارنىڭ ئىشلىرى ئالدىغا قاچان ئىزىغا چۈشتى. ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان، يېرىم توختاپ قالغان بۇ كارخانىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئالدىبۇرۇنلا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغانىدى. 1994-يىلى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان، يېرىم توختاپ قالغان كارخانىلار قاتارىغا يېڭى قوشۇلغانلار 23 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان، يېرىم توختاپ قالغان بۇ كارخانىلارنىڭ تولىسى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلاردۇر. بۇ كارخانىلار سان جەھەتتىن مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلىگەن بىلەن، مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر كىچىك. كەسىپ جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ كارخانىلار ئاساسەن كۆمۈر سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىق كەسىپلەرگە مەركەزلەشكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تولىسى تارىخىي بويىچە يۈدۈۋالغانلىقتىن ئالدىغا قاچان ئاشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

بىزنىڭچە، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قېلىش، يېرىم توختاپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) خام ئەشيانىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، مەسىلەن پاختا مەھسۇلاتىنىڭ كېمەيگەنلىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا تەسىر يەتكۈزدى؛ (2) ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، مەسىلەن، رەڭلىك تېلېۋىزور، مۇزلاتقۇ، ۋەلسىپىت ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تولۇق ئىشلىمەي كېلىۋاتىدۇ؛ (3) ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ تەسىرى، مەسىلەن پولات-تۆمۈر، نېفىت خېلى كۆپ ئىمپورت قىلىندى؛ (4) مەھسۇلاتنىڭ ئېھتىياجغا ماس كەلمەسلىكى، بازىرى يوقلۇقى؛ (5) مەبلەغنىڭ قولغا كەلمىگەنلىكى، ۋاقتىدا قولغا كەلمىگەنلىكى، كۆچمە مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى. بېيجىڭنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېڭى-كونا تۈزۈلمە ئالمىشىش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان، يېرىم توختاپ قالغان كارخانىلاردىن كۆچۈرۈش، قۇرۇلما تەڭشەش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولغانلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان ۋە يېرىم توختاپ قالغان كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 31.7

پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن بولغانلىرى 35.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى چىقماي، كۆپلەپ بېسىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغانلىرى 7.13 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ كۆچمە مەبلەغ يېتەرلىك بولماسلىق سەۋەبىدىن بولغانلىرى 17.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەزىلىرى دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى شۇنىڭدەك كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە شەھەرنى ئۆزگەرتىش، كۆچۈرۈش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئەسلىدىلا ”تاقىۋېتىش، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىش، قوشۇۋېتىش، كەسپىنى ئۆزگەرتىش“كە تېگىشلىك كارخانىلاردۇر.

### 2. كۆچمە مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسى

مەبلەغ قىسچىلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە، شۇنداقلا ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۇزاققىچە دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان قىيىن مەسىلىدۇر. بۇ يىل 1-پەسىلدە، بانكا سانائەت كۆچمە مەبلىغى ئۈچۈن تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ يىغىندىن كۆپەيگەن مىقدارى 9 مىليارد 503 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 914 مىليون يۈەن ئاشقان. كۆچمە مەبلەغنىڭ كۆپەيگەنلىكى پاكىت، كۆچمە مەبلەغنىڭ قىس بولۇۋاتقانلىقىمۇ پاكىت. كۆچمە مەبلەغنىڭ قىس بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچىدىن، تارقىتىلغان ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ تەقسىماتى ئانچە مۇۋاپىق بولمىدى، كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي قەرز پۇل ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنرەك، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرىراق بولدى؛ ئىككىنچىدىن، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان بىر قىسىم مەبلەغ ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىلمىدى، ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا كېتىدىغان مەبلەغ بولسا ئەمەلىيلەشمىدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كۆچمە مەبلەغ ئىگىلىنىپ كېتىپ، ۋاقتىدا تولدۇرۇۋېلىنمىدى؛ ئۈچىنچىدىن، بەزى كارخانىلار قارىغۇلارچە مەھسۇلات قىممىتىنى قوغلىشىپ، قاراملىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارغاچقا، مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-سېتىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ، مالنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا مۇمكىن بولمىدى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلار ئارا بىر-بىرىگە قەرزدار بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش ۋە ئىستېمال فوندىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، بازىرى يوق مەھسۇلاتلارغا قارىتا ”ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش، ئامباردا بېسىلىپ قالغان مەھسۇلاتلارنى ئازايتىش، سېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش“ فاكچېنىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. گوۋۇيۈەن ئۇنىۋېرسال تارماقلارنىڭ باشچىلىق قىلىپ، بانكا قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كارخانىلار ئارا بىر-بىرىنىڭ قەرزىنى تۆلەش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشىنى بەلگىلىدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، قىسمەن كارخانىلارنىڭ مەبلەغدىن قىسىلىپ قېلىش مەسىلىسى پەيدىنپەي پەسىيىپ بارىدۇ.

### 3. كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش مەسىلىسى توغرىسىدا

بۇ يىل 1-پەسىلدىن بۇيان، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1-پەسىلدە خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن پايدىسى ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %42.4 تۆۋەنلىدى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 49.6 پىرسەنتكە يەتتى. بىز ئەستايىدىل تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنداق تونۇشقا كەلدۇقكى، سوتسىيالىستىك

بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بۇلتۇر 7-ئايدىن باشلاپ، دۆلەت كارخانىلىرىدا «كارخانا مالىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى» ۋە «كارخانا بوغالتىرلىق مىزانى» يولغا قويۇلۇپ، ياساش تەننەرخى ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، خەلقئارا بوغالتىرلىق تۈزۈمى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغانلىقى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولدى. دېمەك، تەننەرخنى ھېسابلاش ئۇسۇلىدا توپ ئۆزگىرىش بولدى، ئىلگىرى كارخانىلارنىڭ پايدىسىدىن چىقىم قىلىپ كەلگەن بەزى خىراجەتلەر، مەسىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ئۆسۈم، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى قاتارلىقلار تەننەرخقە كىرگۈزۈلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ ئۇسكۇنە ئامورتىزاتسىيە نورمىسىنى ئۆستۈرۈشكە يول قويۇلىدىغان بولدى، بۇ بەلگىلىمىلەر كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشكە ۋە يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا پايدىلىق. شۇنداق قىلىش بىلەن كارخانىلارنىڭ ھېساب دەپتىرىدىكى پايدىسى ئازىيىپ كەتكەن، بەزى كارخانىلار ئاز پايدا ئېلىش ھالىتىدىن زىيان تارتىش ھالىتىگە، يوشۇرۇن زىيان تارتىش ھالىتىدىن ئوچۇق زىيان تارتىش ھالىتىگە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كارخانىلارنىڭ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەمەلىي مەبلىغى كۆپەيگەن. مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ يىل 1-ئايدىن 3-ئايغىچە، كارخانىلار تەننەرخ ھېسابىدا ئامورتىزاتسىيە پۇلىنى كۆپ ئايرىۋېلىش ۋە تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلىغا ئۆسۈم تۆلەش، مۇكاپات پۇلى تارقىتىش، پاراۋانلىق، مائارىپ خىراجەتلىرىنى تۆلەش قاتارلىق چىقىملار ئۈچۈن 11 مىليارد يۈەن پۇلنى ئارتۇق چىقىم قىلدى، بۇنىڭغا ھېساب دەپتىرىدىكى 8 مىليارد 100 مىليون يۈەن پايدا قوشۇلسا، قولغا كەلگەن پايدا ئۆتكەن يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %50تىن ئارتۇق كۆپەيدى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەگەر ئۆتكەن يىلدىكىگە ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولسا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بۇ يىلىنىڭ شۇ مەزگىلىدىكى پايدا تېپىش سەۋىيىسى تۆۋەنلىمىدى، بەلكى ئۆرلىدى. زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ( ئوچۇق زىيان تارتقانلىرى ۋە يوشۇرۇن زىيان تارتقانلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ) چوڭايمىدى، بەلكى ئازايدى. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى كارخانىلارنىڭ سانى بويىچە ھېسابلاپ چىقىلغان، زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ تولىسى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار بولۇپ، سانى كۆپ، ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى، ئەمما ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ۋە زىيان تارتىش سوممىسىنىڭ مۇتلەق مىقدارى زور ئەمەس.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرى ئۈستىدە توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك، بەك چۆچۈپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق، بىپەرۋالىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چوڭ، ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك، بۇ يىلقى ئەھۋالنى بۇلتۇرقىغا سېلىشتۇرغاندا توپ ئۆزگىرىش بولغىنى يوق، ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت شۇكى، يېڭى مالىيە-بوغالتىرلىق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا ئىلگىرى يېپىلىپ كەلگەن زىددىيەت ( يوشۇرۇن زىيان ) ئاشكارىلىنىپ چىقتى. مەسىلىنىڭ ئوچۇق كۆرۈنۈشى مەسىلىنى نىشانلىق ھالدا ھەل قىلىشقا پايدىلىق، بۇ بىر خىل ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدۇ.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا مۇنداق تۆت جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، تەرەققىيات، مۇقىملىق بىلەن پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ

قىلىش كېرەك. ئاز-ئازدىن تەكشەپ تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىقتىسادتا تۇرۇپ ئۆرلەپ كېتىش، تۇرۇپ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭتاشا شارائىت يارىتىش لازىم. نۆۋەتتە دۆلەت كارخانىلىرى يولۇقۇۋاتقان مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان چارە بىلەن ھەل قىلىش لازىم. گوۋۇيۈەن سانائەت كارخانىلىرىغا كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىش سىياسىتىنى تەڭشىدى. مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى بار، ئۈنۈمى ياخشى كارخانىلارغا بانكا پۇل قەرز بېرىپ ياردەم قىلىدۇ؛ كارخانا زىيان تارتىپ، قەرزدار بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى بار، بېرىلگەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋالغىلى بولىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭغا كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىۋېرىدۇ. لېكىن، بازىرى يوق، بېسىلىپ قېلىۋاتقان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى يۆلەش ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ قالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىنى ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولمىغاندا، بانكا پۇل قەرز بېرىپ ياردەم قىلسا بولىدۇ، لېكىن يەرلىك ھۆكۈمەت بۇنىڭ ئۆسۈمى ئۈچۈن مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تەڭ كۈچ چىقىرىشى لازىم. ئۇزاقتىن بۇيان زىيان تارتىپ كەلگەن، زىيان تارتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە كۆز يەتمىگەن كارخانىلارغا نىسبەتەن، «ۋەيران بولۇش قانۇنى»غا ئاساسەن ۋەيران بولغانلىقىنى جاكارلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ، ئاۋۋال سىناق ئېلىپ بېرىلىپ، ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچىدىن، يېڭىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك، بۇ—نۆۋەتتىكى كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. ئۈچىنچىدىن، كارخانا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە، ھەر ۋاقىت بىر قىسىم كارخانىلار قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇپ تۇرۇشى نورمال ئەھۋال؛ كارخانىلارنى يۈزدە-يۈز نورمال ھالەتتە تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس. مەۋجۇت مۈلۈكنى ئۈزلۈكسىز تۈردە سەرخىل تەقسىملەپ تۇرغاندىلا، ئاندىن كارخانىلارنى بازاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى نۇقتىلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئالغا سىلجىتىش لازىم. تۆتىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ چوڭقۇر قاتلامدىكى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ئۇل سېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن ئۇنىڭغىلا تايانغاندا، كارخانىلارنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئۈچۈن دەسمايە سېلىش يولىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. بۇ جەھەتتە ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار. 1983-يىلىدىن باشلاپ، دۆلەت كارخانىلىرىغا كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن مەبلەغ سالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنىمۇ توختاتتى، شۇنداق قىلىپ دۆلەت كارخانىلىرىغا مەبلەغ سېلىش يولى ئېتىلدى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ 16 شەھىرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك بويىچە قەرزدار بولۇش نىسبىتى 70.3% كە يەتكەن. مەھسۇلات قالاق بولۇش، تېخنىكا قالاق بولۇش، ئۈسكۈنە-جابدۇق كونىراپ قېلىشتەك كاپىتال سۈپىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئەھۋالدا، مۈلۈك بويىچە قەرزدار بولۇش نىسبىتىنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولۇشى كۆپ ساندىكى كارخانىلارنى ئاسانلىقچە قەد

كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن كارخانا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، مەۋجۇت مۈلۈكنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دەسمايە سېلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش لازىم. كارخانا ئىسلاھاتىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىشى شەرتلىك بولىدۇ، يۈرۈشلۈك ئىسلاھاتنىڭ ئارقىدا قېلىشى كارخانىلارنىڭ بازارغا كىرىش قەدىمىنى توسۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، كارخانىلاردا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايرىشنى يولغا قويايلى دېسەك، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئىسلاھاتى يېتىشىپ ماڭالمىدى؛ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ئېنىق قىلايلى دېسەك، كارخانا مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ۋەكالەتچى ئورگىنىنى دەرھال بەلگىلىگىلى بولمايۋاتىدۇ؛ كارخانىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيلى دېسەك، قائىدىگە سېلىنغان مۈلۈك ھوقۇقى بازىرى تېخى شەكىللەنگىنى يوق؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتەيلى دېسەك، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يولى تېخى راۋانلاشمىدى؛ ئەقلىگە سىغمايدىغان تارىخىي قەرزدىن قۇتۇلايلى دېسەك، دەسمايە سېلىش مەنبەسى بولمايۋاتىدۇ؛ كارخانىنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئەھۋالنى ئۆزگەرتەيلى دېسەك، جەمئىيەت تېخى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىدى؛ ئوشۇق ئادەم يۈكىدىن قۇتۇلايلى دېسەك، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان ئادەملەرنى بېقىش يۈكىنى يەڭگىللىتەيلى دېسەك، بۇنىڭغا كېتىدىغان پېنسىيە پۇلىنى نەدىن چىقىرىش نامەلۇم بولۇۋاتىدۇ... قىسقىسى، كارخانىلارنىڭ بازار بىلەن ئالاقىلىشىدىغان يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ ھال ھەرقايسى تارماقلارنىڭ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، ئىسلاھاتنى ھەقىقىي چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئۈبدان جارى قىلدۇرۇش كېرەك

سۈي جىسەي

( شىجياجۇاڭ بوياش-گۈل بېسىش 2-فابرىكىسىنىڭ باشلىقى )

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۈستۈنلۈكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغىيالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈستۈنلۈكنى قانداق قىلىپ ئۈبدان جارى قىلدۇرۇش زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشتۇر. بۇ ئىسلاھاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازانالماسلىق ئاخىرقى ھېسابتا خەلق ئاممىسىغا باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانا ئىسلاھاتىنى قانداق چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىدە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت بۇ

تۇپ فاكچېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىش ئارقىلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك. بوياش-گۈل بېسىش 2-فابرىكىسىنىڭ 1985-يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، زىيان تارتىپ كەلگەن قالاق كارخانىدىن تەرەققىي قىلىپ، يىلىغا ئون مىليون يۈەنگە يېقىن پايدا-باج يارىتىدىغان، مۆلكىنىڭ قىممىتى 2.1 ھەسسە ئاشقان، ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 4.7 ھەسسە ئاشقان، خېيبېي ئۆلكىسى بويىچە ئىقتىسادىي جەھەتتە يۇز قابىل كارخانا قاتارىغا كىرگەن كارخانا بولۇپ قالالىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتىن ئىبارەت بۇ تۇپ يېتەكچى فاكچېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممىدە ئاممىغا تايانغانلىقىمىزدا. فابرىكىدىكى چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئوچۇق ئېيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ تۇردۇق؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قىلدۇق، كۆپچىلىكنىڭ ئىشنى كۆپچىلىككە قىلغۇزدۇق ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى نازارەت قىلدۇردۇق؛ ئىشلەپچىقىرىش-تىگىلىك باشقۇرۇشقا ئائىت چوڭ ئىشلاردا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ مەسلىھەتىگە، چارە-ئامال تېپىشىپ بېرىشىگە تاياندۇق. بىزنىڭ مۇنداق ئېنىق فابرىكا باشقۇرۇش ئىدىيىمىز بار: ” يۇقىرىغا نىسبەتەن دۆلەتكە تۆھپە قوشىمىز، تۆۋەنگە نىسبەتەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلايمىز “، تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىزنى مۇشۇ ئاساسىي نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنى ئىسلاھات داۋامىدا نى-نى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە مەنپەئەت ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسى بۇنى چۈشىنىپ، تېگى-تەكتىنى ئۇقىسىلا، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، بارلىق ئامالالىرىبىلەن ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ئۆز رازىلىقى بىلەن كارخانا بىلەن شان-شەرەپتە بىللە بولىدۇ. خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن فابرىكىمىزنىڭ بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە يازغان جاۋاب خېتىدە ئېيتقاندەك: ” پارتىيىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتى جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە خەلق ئاممىسىغا تايىنىشتا “. بۇ ئاساسىي تونۇشتىن ئايرىلغاندا، نېگىزدىن چەتلىگەن، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىمىز.

ئىشچىلار سىنىپىغا ھەقىقىي تايانغاندا، ئۇنۇمنى ئۆستۈرگىلى، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، كىم بۇ فاكچېننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتسا، شۇ نەپ ئالالايدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىز ئىزدىنىپ بەزى ئىشلارنى ئەمەلىي يولغا قويدۇق.

بىرىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئىسمى جىسمىغا لايىق قىلدۇق. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى كارخانا دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي شەكلى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي يولى. لېكىن، بەزىدە بۇنىڭغا سەل قاراپ قالدۇق، بەزىدە ھەتتا ئۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويدۇق، تاشلىۋەتتۇق. فابرىكىمىزدا ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ بەش ھوقۇقىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ھەمدە تەكشۈرۈش-قارار قىلىش ھوقۇقى ۋە سايلاش ھوقۇقىغىچە كېڭەيتىلدى، بۇ قۇرۇلتاي فابرىكا باشلىقىنى بىۋاستە مۇكاپاتلىيالايدۇ، جازالىيالايدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىيالايدۇ. فابرىكىمىزدىكى ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ سورىقىنى، باھالىشىنى، ئىشەنچ

بىلدۈرۈپ ئاۋاز بېرىشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىشەنچ بىلدۈرۈپ بەرگەن ئاۋاز %50كە يەتمىگەنلەر شۇ جايدىلا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ؛ %60كە يەتمىگەنلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ؛ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ بېرىلگەن ئاۋاز %95تىن يۇقىرى بولغانلارنى فابرىكا باشلىقى مۇھىم ۋەزىپىگە قويىدۇ، مۇكاپاتلايدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن ئىشلارنى ھېچكىم خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇلىدىغان مەسىلىلەر، تەكلىپ لايىھىلىرى يىغىندىن بۇرۇن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشىگە تاپشۇرۇلىدۇ؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋاقىتىنچە چۈشىنەلمىگەن ياكى ئۇلارنىڭ پىكرى بار تەكلىپ لايىھىلىرىنى ماقۇللاشقا مەجبۇرلىمايدۇ.

ئىككىنچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشىغا ئىمكان بېرىدىغان تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئىشچان، پاك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ نازارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىزدىنىپ بىر خىل ئۈنۈملۈك شەكىلنى تاپتۇق، مەزمۇنى مۇنداق: ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق دائىملىق ھەيئەت رىياسىتىنى سايلاپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئەزالىرىدىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىنى پارتكوم كۆرسەتكەندىن سىرت، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەردىن سايلىنىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دائىملىق ھەيئەت رىياسىتى دائىملىق ئورگان بولۇش سۈپىتى بىلەن قانۇن بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى يېپىلغان مەزگىلدىكى تۈرلۈك ھوقۇقلارنى يۈرگۈزۈپ، كارخانىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، فابرىكا باشلىقىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق سايلاتقۇزدۇق. ئۈچ خىل تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر دېموكراتىك ئاساستا فابرىكا باشلىقىنى سايلاشتىن باشلىدۇق، فابرىكا باشلىقى بولغان كىشىدە غەيرەت-جاسارەت بولۇشى لازىم. بۇ يەردە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىشقا جۈرئەت قىلىش-قىلالماسلىق مەسىلىسى بار. مېنىڭچە، فابرىكا باشلىقىنى ئامما سايلاپ چىقىپ، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەيىنلىسە، ھەم پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، ھەم پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇلىدۇ، بۇ بىر خىل ياخشى شەكىل، شۇنداقلا مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشتەك سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرغاندا، قىيىن بازار شارائىتىدا يۇقىرى ئىش ئۈنۈمىنى، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يارىتالىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. مەنپەئەت تەقسىماتى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ تۈزۈم جەھەتتىكى ئاساسى. ھازىرقى باسقۇچتا، ئەگەر ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىيالمىسا، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يېڭى ئىسلاھات شارائىتىدا، مەنپەئەت جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئېغىشتا، پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا، جاپا-مۇ-

شەققەتلىك، پاسكىنا، ھارغىنلىق ئىش تۈرىگە ئېغىشتا چىڭ تۇرۇش، نېمە ئىش قىلسا، شۇنىڭغا چۇشلۇق پۇل ئېلىشتا، قانچىلىك ئىش قىلسا، شۇنچىلىك پۇل ئېلىشتا، كىمنىڭ تۆھپىسى كۆپ بولسا، شۇنىڭغا كۆپرەك مۇكاپات بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىگە پۇختا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدا تۇرۇپ بېيىشىغا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، كەسپكە ئىشتىياق باغلاش روھىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسى چۈشەنمىسە ۋە قوللىمىسا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسى ئاڭلىق ھەرىكەتكە كەلمىسە، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسى بازار ئېڭىغا ۋە كەسپكە ئىشتىياق باغلاش روھىغا ئىگە بولمىسا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەردە ئاساسىي گەۋدە بولۇش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىجابىي، مۇقىم بولغان كارخانا ھاۋاسىنى يارىتىش، ھەم پۇلپەرەسلىككە قارشى تۇرۇش، ھەم مەردانىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم؛ ھەم جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ۋە تۆھپىكارلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىش، ھەم ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسىنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلاردا ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بولۇشى، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم.

ئۈچىنچى، فابرىكىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن ئىشچىلارنىڭ خوجايىنلىق ئورنى بىردەك بولىدۇ. قاتتىق ئىلمىي باشقۇرۇش بولمىسا، ئىشچىلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ. فابرىكىنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئەمگەك ئىنتىزامىنى چىڭىتىش، ھۈنەر-سەنئەت تۈزۈمىنى چىڭىتىش، نەق مەيداننى باشقۇرۇشنى چىڭىتىشتىن مەقسەت يۇقىرى ئىش ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىش، ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت بولسا يەنىلا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىش لازىم. ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان رولغا ئىگە. فابرىكىمىزدا بارلىق خادىملار بويىچە توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۆمۈرلۈك خادىم، شتاتتىكى خادىم، شتات سىرتىدىكى خادىمدىن ئىبارەت " ئۈچ خىل خادىم " تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، پۈتۈنلەي ھەرىكەتلىك باشقۇرۇلىدىغان ئىشچى ئىشلىتىش يېڭى تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق، بۇ تۈزۈمنىڭ خېلى كۆچلۈك ئۈستۈنلۈكى نامايان بولۇپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى ھەمدە جارى قىلدۇرۇلدى.

«نىزام»دا كارخانىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشتا 14 خىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىلدى، بەزىلەر فابرىكا باشلىقىنىڭ ھوقۇقى ئاجايىپ چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، دېيىشتى. مېنىڭچە بۇ ھوقۇقلار ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بېرىلدى، فابرىكا باشلىقى بولغان كىشىنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. بازار ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسىدىن ئايرىلىپ قالسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئامىسىغا تولۇق تايانغاندىلا، ئاندىن كارخانىلار بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

# ھەرقانداق چاغدا يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ

ۋەن باۋرۇي

( يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى )

يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىنىڭ سانائەت ۋە شەھەر بىلەن بولغان پەرقى ناھايىتى چوڭ، بىز يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغاندا ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلغاندا، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى ئىگەللىشىمىز كېرەك: (1) ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىگە، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكىلا قارىماي، ئىجتىمائىي ۋەزىيەتكىمۇ، بولۇپمۇ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى قانداقراق جارى قىلدۇرۇلغانلىقىغىمۇ قاراش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان چاغدا، ئاشلىق، يېزا ئىگىلىكىگىلا قارىماستىن، يەنە يېرىك يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغىمۇ قاراش كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ ئاشقانلىقىغىلا قارىماي، كىرىمنىڭ ئاشقان-ئاشمىغانلىقىغىمۇ قاراش لازىم. (2) قىسقا مەزگىللىك ۋەزىيەتكىلا قارىماستىن، بەلكى بىر دەۋرگە قاراش لازىم. ئادەتتە ئىككى يىل بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەۋرلىكى بولىدۇ، داۋالغۇش چوڭراق بولىدۇ. (3) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىگىلا قارىماستىن، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى بىلەنمۇ بىرلەشتۈرۈپ قاراش لازىم. مەسىلەن ئالايلۇق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدا مول ھوسۇل ئېلىنسا، باھا چۈشىدۇ، بۇ بىۋاستە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، لېكىن، بۇ شەھەر ۋە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىگە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى كېيىنكى يىلدا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. قىسقىسى، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئومۇملۇق نۇقتىئىنەزىرى، ئۇزاق مۇددەتلىك نۇقتىئىنەزىرى ۋە سىستېما نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتىنى يۇقىرىقى پرىنسىپقا ئاساسەن تەھلىل قىلغاندا، مېنىڭچە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، يېزا ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى. ئەمما سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، بەزى مەسىلىلەر تېخى بىر قەدەر گەۋدىلىك. بىرىنچىدىن، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش قىسچىلىقىقا يۈزلەنمەكتە، ئۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازار باھاسىنىڭ چوڭراق ھەجىمدە ئۆرلەپ كەتكەنلىكىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇلتۇر باھا ئىسلاھاتىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى ئاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئايلىنىشىنىڭ تەسىرى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئېھتىياجى كۈچلۈك بولغاچقا، باھا توختىماي ئۆرلەپ كەتتى، پۈتۈن بىر يىلدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.4% ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ 11-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى چوڭراق ھەجىمدە، شىددەت بىلەن ئاشتى. پاختا

www.uyghurkitap.com

مەھسۇلاتى ئۇدا ئىككى يىل كېمىيىپ كەتتى، سۇ مېيى، قەنت-شېكەر بىلەن تەمىنلەشتىمۇ جىددىيچىلىك بولدى. ئىككىنچىدىن، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئۇدا بىرنەچچە يىل بىر ئىزدا توختاپ قالدى، 1989-يىلدىن 1991-يىلغىچە يىلدا ئوتتۇرىچە 0.7% تىن ئاشتى، 1992-يىلى 5.9% ئاشتى، لېكىن 1993-يىلى ئېشىش نىسبىتى يەنە 3.2% كە چۈشۈپ قالدى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم پەرقى تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى. ئۈچىنچىدىن، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىدىن كەلگەن بېسىم ئاشتى. نۆۋەتتە، ئېلىمىز يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانى يەنىلا 120 مىليون كىشى ئۆپچۆرىسىدە بولماقتا، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى يەنە يېڭىدىن كۆپىيىدىغان ئەمگەك كۈچى 13 مىليون ئەتراپىدا بولىدۇ. يېزىلاردا ئەمگەك كۈچلىرى ئىشقا تولۇق ئورۇنلىشىپ كېتەلمىگەچكە، ”دېھقان ئىشچىلار دولقۇنى“ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. بۇلتۇر مەملىكەت بويىچە يىل بويى ئېقىپ تۇرغان دېھقان ئىشچى 50 مىليوندىن ئارتۇقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆلكە ئاتلاپ يۆتكەلگەنلەر 20 مىليونچە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى ئۇزاقتىن بويان يېتىشمەي كېلىۋاتىدۇ، تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپلەپ ئازلاپ كەتتى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئارقىدا قالدى، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسى تېخى ئورنىتىلمىدى. مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت.

ئېلىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ بولغاچقا، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مەسىلىسى باشتىن-ئاخىر ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىنى ئوبدان تۇتۇپ، ئاشلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىدا بولسۇن ياكى ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىش ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، ئاۋاتلىقىنى ساقلاشتا بولسۇن، ھەممىسىدە مۇھىم، ئاساسلىق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك، بۇنىڭدا ئاساسەن، ئاشلىق، پاختا، ياغ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتنى ئوبدان تۇتۇش لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي ئوي-پىكرىمىز تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىغا ۋە رايونلار تەڭپۇڭلۇقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي ئوي-پىكرىمىز تېرىلغۇ كۆلىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئومۇمىي مەھسۇلاتقا ھەققىي ·كاپالەتلىك قىلىش، ئۇقتىلىق ھالدا خېبېي، شەندۇڭ، خېنەن پاختا رايونلىرىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى پاختا رايونلىرىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى پۇختا قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش، غەربىي قىسمىدىكى پاختا رايونلىرىنى پائال كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. قوشۇمچە يېمەكلىك مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاساسىي ئوي-پىكرىمىز بولسا، بىرىنچى، بازا ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، ئىككىنچى، بازار قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بىرىنچىدىن، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىم ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن تەڭشەپ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى زور

كۆچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم؛ ئىككىنچىدىن، مەۋقەنى پۈتكۈل دۆلەت زېمىنى بايلىقىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەيتىش. ئوتتۇرا ھال ۋە تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، زاپاس بايلىقنى ئېچىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، كۆپ خىل ئىگىلىكنى ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرىنى ، كىچىك شەھەر-بازارلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى تېزلىتىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەر-بازارلارغا ۋە رايوندىن ھالقىپ تەرتىپلىك ئېقىشقا يېتەكلەش لازىم.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشنى مۇقىم ئاشۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، دۆلەت سىياسەت جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك: بىرىنچى، ئاشلىق ۋە پاختىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قايچىسىمان پەرقىنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش لازىم. ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئېتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى تىزگىنلەپ، باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈشنى قاتتىق مەنئى قىلىش كېرەك. تۆتىنچى، ئاشلىق خېيىم-خەتەر فوندىنى بەرپا قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بەشىنچى، ئاشلىق، پاختا كۆپ چىقىدىغان ناھىيىلەرنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-يۆلەك بولۇش يۈزىسىدىن مەخسۇس قەرز بېرىشنى يولغا قويۇش لايىھىسىنى تېزرەك چۈشۈرۈش كېرەك.

# ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تاۋار بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم

ما يىمىن

( ئىچكى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى )

بازارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، بىزنىڭ ئىچكى تاۋار بازارلىرىغا بولغان ئالدىن مۆلچەرىمىز شۇكى، تەلەپنىڭ ئېشىشى چوڭراق بولىدۇ، بازار سودىسى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، كۆپلىگەن تاۋارلاردا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلىشىدۇ، بەزى مۇھىم تاۋارلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بازارنى تەمىنلەيدىغان يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر قىسراق بولىدۇ، مەلۇم سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىدا باسقۇچلۇق، قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۈنۈملۈك تەلەپ كەم بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن، مۆلچەرلىنىشىچە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پۈتۈن يىللىق پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 1 تىرىليون 600 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، بۇلتۇرقىدىن %20 تەك

ئاشدۇ؛ پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي سېتىلىش سوممىسى 2 تىرليون 70 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، %18 ئاشۇرۇلدۇ: ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پۈتۈن يىللىق پارچە سېتىلىش ئومۇمىي باھا سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش ھەجمى يەنىلا %10 ئەتراپىدا بولدۇ.

نۆۋەتتىكى تاۋار بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىز دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە مۇھىم تاۋارلار بويىچە تەمىنلەش-تەلەپ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تىرىشىپ ساقلاپ، تاۋار بازارلىرىنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ياخشىلاپ، بازارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. بىرىنچى، دۆلەت پىلان كومىتېتىغا ئۈزلۈكسىز ماسلىشىپ، بۇ يىللىق مۇھىم تاۋارلارنى سېتىۋېلىش، يۆتكەش ۋە تەقسىم قىلىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىمىز. بازارنىڭ يېتەكلىشىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ۋاقتىدا مەھسۇلاتىنى كۆپەيتىشكە ياكى چەكلەشكە يېتەكلەيمىز ھەمدە دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە ھەر خىل ماددىي ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىشنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پولات ماتېرىياللىرى، مىس، ئاليۇمىن، ئاشلىق، پاختا، خىمىيۋى ئوغۇت، سۇ مېيى، شېكەر قاتارلىق مۇھىم ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىشنى پىلان بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرىمىز ھەمدە ئۇنى مەملىكەت ئىچىدىكى تەلەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ بارىمىز، بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى تەمىنلەش-تەلەپ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئاساسىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايمىز. ئىككىنچى، ئامىنىڭ كۆكتات ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىگە، ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى بارلىق ئاماللار بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، تەمىنلەش بىلەن باھانىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلايمىز. دۆلەت ئاشلىق تارماقلىرى ۋە سودا تارماقلىرى بازارنى تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي يوللۇق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، سېتىۋېلىش ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بولۇپمۇ چەت-ياقا جايلاردىكى نامرات رايونلار، ئاپەت رايونلىرى ۋە سۇ ئامبىرى رايونلىرىنى ئۇزۇقلۇق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر-يېزىلاردا بازارلارنى تەمىنلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان تالىشىپ سېتىۋېلىش ئەھۋالىغا تەييارلىق كۆرۈپ قويىمىز. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىمىز ھەمدە يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز.

ئۈچىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى تىرىشىپ كاپالەتلەندۈرىمىز. نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز، بولۇپمۇ ئۈچ بوغۇز قۇرۇلۇشى، بېيجىڭ-جۇلۇڭ تۆمۈريولى قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك تۈرلەرنىڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى، ھەربىي سانائەتنىڭ ئېھتىياجىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرىمىز. دۆلەت زاكاس قىلغان مۇھىم ئەشيالارنىڭ دائىرىسى ۋە مىقدارى بويىچە داۋاملىق تۈردە دۆلەتنىڭ كەسپىي سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى پائال قوللايمىز.

تۆتىنچى، ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتىمىز. شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈملۈك يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىمىز؛ تاۋارلارنى توپ سېتىش سىستېمىسىنى قايتا تەشكىللەپ، ئىجتىمائىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان، كۆپ مەنبەلىك توپ سېتىش تورلىرىنى پەيدىنپەي بارلىققا كەلتۈرۈپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز؛ سودىنى باشلامچى قىلغان، سودا، سانائەت،

يېزا ئىگىلىكى، تېخنىكا، بانكا قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى ئوبوروت كارخانىلار گۇرۇھى ۋە ئۇنىۋېرسال سودا ئورۇنلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۈلىمىنى كېڭەيتىمىز. رايوندىن ھالقىغان جۇڭگو-چەت ئەل شىرىكچىلىكىدىكى زەنجىرسىمان ماگىزىندىن بىر-ئىككىنى قۇرىمىز، مەملىكەت خاراكتېرلىك زەنجىرسىمان ئاشلىق دۇكىنىدىن بىرنى قۇرىمىز. كىچىك تىپتىكى دۆلەت ئوبوروت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش، بۇراش، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە بېرىش، سېتىۋېتىش ۋە ۋەيران قىلىش، قوشۇۋېلىش قاتارلىق ئىسلاھاتلارنى داۋاملىق ئېلىپ بارىمىز.

بەشىنچى، تاۋار بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. مەملىكەتلىك تاۋار بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان پىلانلاپ، «مەملىكەتلىك تاۋار بازارلىرى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش پروگراممىسى»نى تېزرەك تۈزۈپ چىقىمىز؛ مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋە رايون خاراكتېرلىك مۇھىم تاۋارلار بازىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتىمىز؛ قۇرۇلۇپ بولغان بىر تۈركۈم مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋە رايون خاراكېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ھەم تۇرمۇش ۋاستىلىرى بازارلىرىنى ئۆزگەرتىپ چىقىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرىمىز؛ بازار قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىللە " توپ سېتىش بازارلىرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى" قاتارلىق بىر تۈركۈم بازار قائىدە-نىزاملىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىمىز.

ئالتىنچى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ياخشى ئېلىپ بارىمىز، مۇھىم تاۋارلار زاپىسى ساقلاش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرىمىز؛ بازار خېيىم-خەتەر فوندىنى چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلىمىز؛ ئاشلىق خېيىم-خەتەر فوندى ۋە ئاساسىي قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھاسىنى تەڭشەش فوندىنى تېزدىن بەرپا قىلىمىز؛ مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى خېيىم-خەتىرىنى تەڭشەش فوندى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىمىز؛ مۇھىم تاۋارلارنى ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشنى تەڭشەش-تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى پائال كېڭەيتىمىز.

# مالىيە كىرىم-چىقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تىرىشىپ پەسەيتىش لازىم


شياڭ خۇەيچېڭ

( مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى )


ئالدىنقى تۆت ئايلىق دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى نورمال بولدى، يېڭى مالىيە-باج تۈزۈلمىسىگە ئۆتۈش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن داۋالغۇشسىز ئەمەلگە ئاشتى. بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى مۇنداق: بىرىنچى، يېڭى مالىيە-باج تۈزۈلمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئوبوروتقا تەسىر يەتكۈزمىدى؛ ئىككىنچى، باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى مال باھاسىدا چوڭ داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقارمىدى؛ ئۈچىنچى، مالىيە كىرىمى ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ تۇردى؛ تۆتىنچى، يېڭى باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا چوڭ مەسىلە كۆرۈلمىدى. ئەلۋەتتە، مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈش ۋاقتى ئالدىراشراق بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالغاچقا، تارماقلار، كەسىپلەردىكى ئالاھىدە ئەھۋاللار ۋە كونكرېت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلىنىشلىماي قالغان يەرلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا، بىز بۇ يىلنىڭ بېشىدا بىر پەسىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بەزى ھالقىلاردا زۆرۈر تەرتىپكە سېلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق، بۇنىڭ بىلەن ئىسلاھات لايىھەسىدە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر لايىھەنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا ۋاقتىدا ھەل بولدى. ئەمەلىيەت مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى، لايىھىنىڭمۇ ئاقىدىغان قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بۇ يىل 1-ئايدىن 4-ئايغىچە مەملىكەت بويىچە مالىيە كىرىمى خېلى يۇقىرى ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 22% ئاشتى، كىرىمنىڭ ئېشىشى ئاساسەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشى بىلەن تەڭ قەدەمدە بولدى. مالىيە چىقىمى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 23.7% ئاشتى. كىرىم بىلەن چىقىمنى بالانس قىلغاندا، 8 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق قالدۇق قالدى.

لېكىن، نۆۋەتتە، مالىيە ئىقتىسادى ھەرىكىتىدە بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بىرىنچى، مالىيە كىرىم-چىقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۆنسايىن گەۋدىلىنىپ چىقىۋاتىدۇ، مالىيە ۋەزىيىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. ھازىر ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولغان خام چوت كىرىمى ئەھۋالىدا بىرمۇنچە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ياكى غەيرىي نورمال ئامىللار بولغاچقا، ئۇ بىر يىللىق تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بىر يىللىق خام چوت پىلانىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى بەزى يوشۇرۇن زىددىيەتلەر ئۈستىدىكى تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە، بۇ يىللىق مالىيە ۋەزىيىتى خېلى جىددىي. كىرىم جەھەتتىن قارىغاندا، بىرىنچىدىن، ئالدىنقى ئايلاردا مالىيە كىرىمى خېلى كۆپ ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى خېلى بىر قىسمى كېيىن سىياسەت بويىچە تۇتۇپ قېلىنىدۇ ياكى قايتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇلتۇر كېيىنكى تۆت ئايدا بەزى جايلار باج ئايرىش تۈزۈمى بويىچە قايتۇرۇلىدىغان كىرىمنىڭ تۈپ سانىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كەم تاپشۇرۇلغان باجنى بانكىدىن قەرز ئېلىپ تولۇقلاپ تاپشۇرۇش قاتارلىق غەيرىي نورمال كىرىم ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچتىن بىر ۋاقىتتا بىر يىللىق كىرىمنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى تاپشۇرۇلدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇلتۇر ئالدىنقى تۆت ئايدىكى كىرىم تۆۋەن بولغاچقا، بۇ يىلقى ئېشىش ھەجمى يۇقىرىراق بولۇپ كۆرۈندى. ئۈچىنچىدىن، ئەسلىدىكى ئوي بويىچە بۇ قېتىمقى باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا ئوتتۇرىغا چىقارماقچى بولغان بەزى يېڭى باج تۈرلىرى ھازىر ۋاقتىنچە ئوتتۇرىغا چىقىرىلمايدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر قىسىم كىرىم يوق بولۇپ چىقتى. مانا مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مۆلچەرلىشىمىزچە، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا، بولۇپمۇ كېلەركى يېرىم يىلدا مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش ھەجمى تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ، تۆتىنچى پەسىلدە بۇلتۇر كىرىمنىڭ تۈپ سانى يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئېشىش نىسبىتى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، بەزى جايلاردا ياكى ئايرىم ئايلاردا ھەتتا مەنپىي ئېشىش نىسبىتى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. مالىيە چىقىمىدىن قارىغاندا، خام چوتتىكى چىقىم بېسىمى ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ، بىرنەچچە ئاساسلىق تۈرلەرگە كېتىدىغان چىقىم ۋە پىرېۋوت نىسبىتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئاشقان چىقىمنى قوشقاندا، بىر يىلدا كۆپىيىدىغان قىلمىسا بولمايدىغان چىقىم يۇكى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، بولۇپمۇ بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا باشلانغان مائاش ئىسلاھاتىدا، ئەمەلىيەتتە تەڭشەلگەن مائاش بەلگىلەنگەن تەڭشەش ھەجمىدىن خېلى كۆپ يۇقىرى بولۇپ كەتكەچكە، مالىيە كىرىم-چىقىمىغا چوڭ زەربە بولدى.

نۆۋەتتىكى مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە ئاساسەن، مېنىڭچە، يەنىلا ئومۇميلىققا ئېتىبار بېرىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەشنى تەكىتلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. كۆپچىلىك بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە مالىيە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى قوللىشى لازىم. مالىيە تارماقلىرى تىرىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ، تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇپ، خام چوت ئارقىلىق چەكلەشنى كۈچەيتىپ، ھەققىي تۈردە مالىيىنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، يېڭى مالىيە-باج تۈزۈلمىسىنىڭ نورمال ھەرىكىتىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپ بارغان مالىيە كىرىم-چىقىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ھەرىكىتى ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ياراتقىلى بولىدۇ.

# پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

دەي شياڭلۇڭ

( جۇڭگو خەلق بانكىسى پارتكوروپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى )

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە-سى ئىشلىرى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا يۈكسەلدى. جۇڭگو خەلق بانكىسى مەركەز بانكىسى بولۇپ، ئامانەت پۇل زاپاس فوندى، ئۆسۈم پىرسەنتى، قەرز بېرىش چېكى، يەنە قەرز بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يولغا قويدى. يېڭى پۇل مۇئامىلە ئورگىنى ئۈزلۈكسىز تەسىس قىلىندى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە بانكا 13كە، سۇغۇرتا شىركىتى 20گە، ئىناۋەتلىك ھاۋالە شىركىتى 391گە، مالىيە ئىشلىرى شىركىتى 51گە، ئىجارىچىلىك شىركىتى 13كە، ئاكسىيە شىركىتى 88گە يەتتى، يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى 60 مىڭدىن، شەھەر ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى 4900دىن ئاشتى. زايوم، كارخانا قەرز چېكى، ئۆتنۈپ بېرىشكە بولىدىغان زور قىممەتتىكى ئامانەت ھۆججىتى، پۇل مۇئامىلىسى قەرز چېكى، پاي چېكى قاتارلىق كۆپ خىل پۇل مۇئامىلە قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىپ، پۇل مۇئامىلە بازىرى ئېچىپ گۈللەندۈرۈلدى. كەسپداش ئارىيەت ئېلىش بازارلىرى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، شاڭخەي، شېنجېندىكى ئاكسىيە بازارلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇرغۇن چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەر بىلەن ئالاقە تورى ئورناتتى، ئالتۇننىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى خەلقئارادىكى باھاغا ئاساسىي جەھەتتىن يېقىنلاشتى، تاشقى پېرېۋوت بازارلىرى پەيدىنپەي بەرپا قىلىندى. پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى تاشقى مەبلەغ بانكىسى قاتارلىق تىجارەت خاراكتېرىدىكى ئورگانلار 98گە، ۋەكالەتخانا، ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورگانلار 302گە يەتتى. ئېلىمىزنىڭ بانكا، سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ چەت ئەللەردە تەسىس قىلىنغان شۆبە بانكا، شۆبە شىركەتلىرى ياكى ۋەكالەتخانىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئېلىمىز پۇل مۇئامىلە

www.uyghurkitap.com

كەسپىنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن بولغان ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا.

ھازىر، پۇل مۇئامىلىسى دۆلەتنىڭ ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەپ تىزگىنلىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاستىسى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش مەبلىغىنى توپلاش ۋە تەقسىملەشتىكى ئاساسىي يولى بولۇپ قالدى. 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بانكا ۋە شەھەر-يېزا ئامانەت-قەرز كوپىراتىپىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 3 ترىليون 36 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يەتتى، كارخانا تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ 85%تىن كۆپرەكىنى بانكىدىن قەرز ئالدى، ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 ترىليون 871 مىليارد يۈەنگە يەتتى. بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ شەخسىي ئامانەت قويغان پۇلى 1 ترىليون 662 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى، شەخسىي پۇل مۇئامىلە كاپىتالى تەخمىنەن 2 ترىليون 700 مىليارد يۈەندىن ئاشتى.

پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى پۇختا قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى بۇ يىلقى پۇل مۇئامىلە خىزمىتى فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كرېدىت ئومۇمىي مىقدارىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، تۇراقسىز مەبلەغ قەرزىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، ئىگىلىكنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا يار-يۆلەك بولدى، پۇل مۇئامىلىسى ئارقىلىق ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئېلىپ بېرىشتا يېڭىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۈنۈم ھاسىل بولدى، پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، نەق پۇلنىڭ خەزىنىگە قايتۇرۇلۇشى ئويلىغىنىمىزدىكىدىنمۇ ياخشى بولدى. بۇ يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باھار بايرىمىغىچە، مەملىكەت بويىچە سېلىنغان ساپ نەق پۇل جەمئىي 140 مىليارد 460 مىليون يۈەن بولۇپ، 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، باھار بايرىمىنىڭ ئالدىدا سېلىنغان نەق پۇل پۈتۈنلەي خەزىنىگە قايتۇرۇلدى. 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، 5 مىليارد 100 مىليون يۈەن ساپ پۇل خەزىنىگە قايتۇرۇلدى، بۇلتۇر شۇ مەزگىلدىكى ساپ سېلىنما 37 مىليارد يۈەن ئىدى. نەق پۇلنىڭ خەزىنىگە قايتۇرۇلۇش ئەھۋالىنىڭ بىر قەدەر ياخشى بولۇشى، ئاساسەن، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ زور ھەجىمدە ئاشقانلىقىدىن بولدى. بۇ يىل 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، دۆلەت بانكىلىرىدا ئامانەت قويۇلغان پۇل 150 نەچچە مىليارد يۈەن كۆپىيىپ، بۇلتۇر شۇ مەزگىلدىكىدىن 100 مىليارد يۈەن كۆپ ئاشتى.

ئىككىنچى، كارخانىلارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى يەنە كۆپەيدى، بانكىلارنىڭ پۇل قەرز بېرىشى تېزلەشتى. 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، بانكىلارغا ئامانەت قويۇلغان تۈرلۈك ئامانەت پۇل جەمئىي 260 نەچچە مىليارد يۈەن كۆپىيىپ، بۇلتۇر شۇ مەزگىلدىكىدىن 120 نەچچە مىليارد يۈەن كۆپ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: كارخانىلارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 103 مىليارد 400 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، بۇلتۇر شۇ مەزگىلدىكىدىن 13 مىليارد يۈەن كۆپ ئاشتى. بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ مەبلەغ قىس بولۇش ئەھۋالى پەسەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل 75 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، ئۆتكەن يىل شۇ مەزگىلدىكىدىن 36% ئاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىشى ئايمۇئاي تېزلىشىپ، 3-ئايدا 30 مىليارد يۈەن كۆپەيدى، 4-ئايدا 40 مىليارد يۈەن كۆپەيدى. دۆلەت بانكىلىرىنىڭ مەبلەغ قالدۇقى نىسپىي كېڭەيدى. 4-ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، مەركەز بانكىسى كەسپىي بانكىلاردىن 40 مىليارد يۈەن ساپ قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋالدى، دۆلەت كەسپىي بانكىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلنى تۆلەشكە پۇل تەييارلاش نىسبىتى ئۆسۈپ 11.3%كە يەتتى.

ئۈچىنچى، زايومنىڭ سېتىلىش مىقدارى مۇقىم ئۆرلىدى. 5-ئاينىڭ 24-كۈنىگىچە، ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق مۇددەتتىكى زايومدىن جەمئىي 63 مىليارد يۈەنلىك زايوم سېتىلىپ، زايوم تارقىتىش ۋەزىپىسى 75% ئورۇندالدى.

تۆتىنچى، تاشقى پېرېۋوت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، دۆلەت زاپىسى كۆپرەك

ئاشتى. خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى مۇقىم هالدا 1 ئامېرىكا دوللىرىنى 8.6 يۈەنگە تېگىشىش ئەتراپىدا بولدى، بانكىلار ئارا تاشقى پېرېۋوت بازىرىنىڭ ئايلىنىشى نورمال بولدى، " ئۈچ خىل مەبلەغ " كارخانىلىرى قاتناشقان تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش بازىرى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى.

نۆۋەتتە، پۇل ۋە كرېدىتنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن نورمال. لېكىن، ۋەزىيەتكە بەك ئىشەنچ قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، ئاساسلىقى، ئېغىر پۇل پاخاللىقى بېسىمى يېنىكلىمەي شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ. تۇراقلىق مۇلۇككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى بەك چوڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، مال باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋاتىدۇ، ئىستېمال فوندىنىڭ ئېشىشى كۈچلۈك بولۇۋاتىدۇ، بانكىلارنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1-پەسىلدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ۋە شەخسلەرنىڭ نەق پۇل چىقىمى 39.9% ئاشقان. بۇنىڭ پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى ئىنكاسى شۇ بولدىكى، پۇل ئوبوروتى جەھەتتىكى تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەلەپلەر ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. نۆۋەتتە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارمۇ مەۋجۇت. 1-ئايدىن 4-ئايغىچە، دۆلەت سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى 5% ئېشىپ، سۈرئىتى ئاستىراق بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ. بەزى ئۈنۈمى ياخشى، تەرەققىياتى تېز كارخانىلار پاي تۈزۈمدىكى كارخانىلاردىن بولۇپ قالدى؛ بەزى ئېغىر سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا تۇراقلىق مۈلۈك ئۈچۈن سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازلاپ كەتكەچكە، ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى نورمال تەڭشەلدى؛ بەزى بازار تېپىدىكى كارخانىلار بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئازايتتى؛ بەزى ھەربىي سانائەت، ئورمانچىلىق سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىلىرى مەبلەغدىن باشقا جەھەتتىكى سەۋەبتىن ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتتى ياكى يېرىم توختاتتى. دېمەك، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلاپ كېتىشى سەۋەبىدىن پۇل ئوبوروتى جەھەتتىكى تىزگىنلەشنى بىر تەرەپلىملىك بىلەن بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. نۆۋەتتە، كرېدىتنىڭ ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كرېدىت سىياسىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىشنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك؛ كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن پۇل قەرز بېرىشتىمۇ دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتى ۋە بانكىنىڭ پۇل قەرز بېرىش پرىنسىپىغا مۇۋاپىق كېلىش شەرتى ئاستىدا، ئۈنۈمى ياخشى كارخانا، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغان كارخانا، پۈتۈن كەسىپ بويىچە مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كارخانىلارغا ئوخشاش بولمىغان پۇل قەرز بېرىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش، شۇ ئارقىلىق، بازارنىڭ ئۈنۈملۈك تەمىناتىنى كۆپەيتىش لازىم؛ ئاشلىق، پاختا، ماي سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە كارخانىلاردا مەبلەغ يېتىشمەسلىكنىڭ توپ سەۋەبى شۇكى، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى زىيادە چوڭ بولۇپ كەتكەن، ئىستېمال فوندىنىڭ ئېشىشى زىيادە تېز بولغان، مەھسۇلاتلار ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قالغان، بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى قالايمىقان ئۆستۈرۈلگەن، كارخانىلار تارتقان زىيان كۆپەيگەن ۋە ئەركىن مەبلەغ ئازىيىپ كەتكەن. كۆچمە مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكىلار كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن بېرىدىغان قەرز پۇلنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش لازىم.

# باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى

ياڭ چۇڭچۇن

( دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى )

ئىلىمىزدە بۇ يىل ئېلىپ بېرىلغان سودا-سانائەت باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى—دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆلىمى ئەڭ چوڭ، دائىرىسى ئەڭ كەڭ، قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر چوڭ بولغان بىر قېتىملىق قۇرۇلما خاراكتېرىدىكى ئىسلاھاتتۇر. يېڭى باج تۈزۈمى بۇ يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئومۇمىي جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى؛ كېلىپ چىققان بەزى مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەل قىلىندى ياكى ھەل قىلىنىۋاتىدۇ، كونا باج تۈزۈمىدىن يېڭى باج تۈزۈمىگە ئۆتۈش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن داۋالغۇشسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ” باج قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باج سېلىقنى ئادىل قىلىش، باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، ھوقۇقنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرۇش “تىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆز. بىرىنچىدىن، بىرلىككە كەلگەن باج قانۇنىنى ئورنىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار بەرپا قىلىنىدۇ، بۇ باج مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن باج قانۇنىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، مەملىكىتىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان باج قانۇنى بىرلىككە كەلگىنى يوق ياكى قانۇنىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا يا ئۇنداق،يامۇنداق پەرقلەر كۆرۈلدى، بۇ بىرلىككە كەلگەن بازارنى شەكىللەندۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىسىز. ئىككىنچىدىن، باج سېلىقنى ئادىل قىلىشنى نامايان قىلىش لازىم. ئادىل رىقابەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى، باج سېلىقى ئوخشاش بولمىسا، ئادىل رىقابەتمۇ بولمايدۇ، ئىقتىسادمۇ نورمال تەرەققىي قىلالمايدۇ. شۇڭا، باج تۈزۈمى ئادىل رىقابەتنى نامايان قىلىشى كېرەك. بىزنىڭ ئەسلىدىكى باج تۈزۈمىمىز بەزى جەھەتلەردە كارخانىلارنىڭ باراۋەر رىقابەتلىشىشىگە پايدىسىز. بۇ قېتىمقى باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا باج سېلىقنى ئادىل قىلىش ئىدىيىسى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، قوشۇلما قىممەت بېجى جەھەتتە بىر دەرىجىسى ئاساسىي باج نىسبىتى سۈپىتىدە 17% قىلىپ بېكىتىلىش ۋە بىر دەرىجىسى تۆۋەن باج نىسبىتى سۈپىتىدە 13% قىلىپ بېكىتىلىش ئەندىزىسى قوللىنىلدى، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى جەھەتتە، 33پىرسەنتلىك باج نىسبىتى بىر تۇتاش ئىجرا قىلىنىدۇ. باج تۈزۈمى لايىھىلىنىش جەھەتتە، باج سېلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىلمەيدۇ، ئاساسەن، قۇرۇلما جەھەتتىن تەڭشىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش لازىم. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى باج تۈزۈمى چۇۋالچاق ئىدى، بۇ قېتىم باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇشتا، باجنىڭ تۈرى ئەسلىدىكى 30 نەچچىدىن ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ 18گە چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭغا تاموژنا بېجى، يېزا ئىگىلىك بېجى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بېجىنى قوشقاندىمۇ ئاران 21 خىل بولىدۇ، بۇلارنى ئىجرا قىلماق ئاسان ۋە قولايلىق. تۆتىنچىدىن، ھوقۇقنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرۇش لازىم. بۇرۇن باج قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باج ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش دېيىلگەن

گەپ بار ئىدى، ھازىر يەنىلا باج قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرىمىز دەيمىز، لېكىن، ھوقۇقنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرىمىز، يەنى، باج ئايرىش تۈزۈمىدىن ئىبارەت مېخانىزمنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىن مەركەزنىڭ مالىيە كىرىمى ئاساسەن، ئىستېمال بېجىنىڭ ھەممىسى، قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ 75 پىرسەنتى، تاموژنا بېجىنىڭ ھەممىسى ۋە ئىمپورت تاۋارلىرىدىن ئېلىنىغان ئىستېمال بېجى بىلەن قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ ھەممىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. تۆمۈريول، بانكا، پوچتا-تېلېگراف ساھەلىرى يۇقىرىغا تاپشۇرغان تاپاۋەت بېجى مەركەزگە يىغىلىدۇ، ئېكسپورتتىن قايتۇرۇلغان باجمۇ مەركەزگە يىغىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا باجلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك جايلاردا قالىدۇ. باج ئايرىش تۈزۈمى مۇشۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ، باج قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يەنىلا زۆرۈر بولىدۇ، ئەمما باشقۇرۇش جەھەتتە ھوقۇقنى مۇۋاپىق تارقاقلاشتۇرۇپ، جايلارغا جانلىق ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىش كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ يىلقى باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى مال باھاسىدا چوڭ داۋالغۇش كەلتۈرۈپ چىقارمىدى، يېڭى باج تۈزۈمى ئاشلىق، پاختا، گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، سۈت قاتارلىق خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك مەھسۇلاتلارغا ئېتىبار بەردى، يېزا ئىگىلىكىگە كېرەكلىك نۇرغۇن ئىشلەپچىقى-رىش ۋاستىلىرىگە ئېتىبار بېرىش تەدبىرىنى قوللاندى، بۇنىڭدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلق تۇرمۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان غەمخورلۇقى گەۋدىلەندۈرۈلدى. 1-ئايدىن 4-ئايغىچە باج كىرىمى 29.2% ئاشتى، ۋەزىيەت ياخشى. ئېششتىكى ئاساسىي سەۋەب، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى، باجنى ۋاقتىلىق ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، قىيىنچىلىق تۆپەيلىدىن باجنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى توختىتىلدى، باج كىرىمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئازايتىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى باج كىرىمى جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشمەي، باج كىرىمىدىن قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قىسمى تېخى قايتۇرۇلغىنى يوق.

يېڭى باج تۈزۈمى يولغا قويۇلغىنىغا ئاران تۆت ئاي بولغاچقا، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە دەسلەپكى نەتىجىدۇر. ھازىر ئىجرا قىلىش داۋامىدا بەزى مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر يەنىلا مەۋجۇت، بۇنىڭغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك. تەقسىمات تۈزۈلمىسى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان ئىسلاھات تەدبىرى بولغان باج تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئاكتىپ رولى روشەن كۆرۈنمەكتە، بۇ خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

# مال باھاسى ئۆتكىلى بىلەن پۇل ئۆتكىلىنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك

ياڭ پېيشىن

( گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتچىسى )

مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىككى ئۆتكەلنى ياخشى باشقۇرۇشتا. بىرى پۇل، ئىناۋەتلىك قەرز، يەنە بىرى مال باھاسى ۋە بازار باشقۇرۇش.

ھازىر پۇل ۋە ئىناۋەتلىك قەرز ئۆتكىلىنى ياخشى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، لېكىن مال باھاسىنى ۋە بازارنى باشقۇرۇش ئىشى بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، ھەرقايسى تارماقلار ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى باھانى قويۇۋېتىپ، مال باھاسىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۆرلەپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

پۇلشۇناسلىق ئېقىمىدىكىلەر، پۇلنىڭ پاخاللىششى پۇل ھادىسىسىدىن ئىبارەت، بۈگۈنى پۇل ئوبدان باشقۇرۇلسا ئەتىسىلا بارلىق ماللارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. خارۋارد داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ساكىن روسىيە، پولشادا "شوك ھالىتىدە داۋالاش ئۇسۇلى"نى قوللىنىش، يەنى مال باھاسىنى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ شىددەت بىلەن چېكىگە يەتكىچە ئۆرلىشىگە قويۇپ بېرىش كېرەك، بىر مەزگىللىك ئازاپتىن كېيىن، پۇلنىڭ پاخاللىششىدىكى تىزگىنلەپ تۇرۇلغان يوشۇرۇن كۈچ سەرپ بولۇپ تۈگەيدۇ-دە، خەلق ئىگىلىكى ئۆزلۈكىدىن نورمال تەرەققىيات يولىغا چۈشىدۇ، دېگەن چارىنى ئوتتۇرىغا قويغان، روسىيە بۇ سىياسىي تەشەببۇسنى قوللانغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە خاراب بولۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. مال باھاسى ھەددىدىن زىيادە ئۆرلەپ كەتتى، خەلق سېتىۋېلىش كۈچىدىن مەھرۇم بولدى، مەھسۇلات بازارسىز قالدى، ئىشلەپچىقىرىش بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنداق نەزەرىيە مەملىكىتىمىزگىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. 1988-يىلى، بىز باھا ئىسلاھاتىدا، ئاز ساندىكى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى دۆلەت بەلگىلەش، كۆپ ساندىكى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش كېرەك، باھانى كېيىن ئىسلاھ قىلغاندىن بۇرۇنراق ئىسلاھ قىلغان تۈزۈك دېگەن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. نەتىجىدە تالىشىپ سېتىۋېلىش شاملى كۆتۈرۈلدى. ھازىرمۇ بەزى يولداشلار يەنىلا باھا ئىسلاھاتى قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، بۇ ئۆتكەلدىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىش كېرەك دەپ قارىماقتا. ھازىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى %90 قويۇۋېتىلدى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش باھاسى %90 قويۇۋېتىلدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %85 قويۇۋېتىلدى. غەرب ئەللىرىدە مال باھاسىنىڭ %20ى دۆلەتنىڭ تىزگىنلىشىدە تۇرىدۇ، بىز باھانى قويۇۋېتىش جەھەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن قېلىشمايدىغان بولۇپ قالدۇق. روشەنكى، مال باھاسى ئۆتكىلىنى قويۇۋېتىشىمىز بەك كەڭ بولۇپ كەتتى، باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق.

مېنىڭچە، پۇلنىڭ پاخاللىششى يالغۇز پۇل ھادىسىسى بولماستىن، بەلكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى. بەزىلەر، باھانى قويۇۋېتىش ياكى باھانى پىلان ئارقىلىق تەڭشەش نەتىجىسىدە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى پۇلنىڭ پاخاللىششى دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىماقتا. مېنىڭچە مەيلى پۇل كۆپ تارقىتىلىپ، ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مال باھاسى ئۆرلەپ كەتسۇن، ياكى بۇرۇن يوشۇرۇن پۇل پاخاللىقى دەۋرىدە زورمۇزور چۈشۈرۈلگەن مەلۇم تاۋارلارنىڭ باھاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسۇن، ھەممىسى خەلق پۇلنىڭ كۇرسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، خەلقنى بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ، مال باھاسىنىڭ بۇنداق ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ پاخاللىششى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باھانى قويۇۋېتىش ئىشىنى قاتتىق باشقۇرۇش، خەلق كۆتۈرەلەيدىغان دائىرىدە كونترول قىلىپ تۇرۇش، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. 1986-يىلى، مەن فېدېراتىپ گېرمانىيە دانىشمەنلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسى سىنايدىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئۇنىڭدىن گېرمانىيە ئەينى ۋاقىتتا مال باھاسىنى قانداق قويۇۋەتكەن، دەپ سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: باھانى قويۇۋېتىش ئۈچۈن ئاز كەم 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىندى، 1948-يىلى پۇل ئىسلاھاتىدا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى قىسقارتىپ ئەسلىدىكى مىقدارنىڭ 6 پىرسەنتىگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن سانائەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى تامامەن قويۇۋېتىلدى، يېمەكلىكلەر بىلەن نورمىلىق

تەمىنلەش تۈزۈمى 1951-يىلىغىچە داۋاملاشتۇرۇلدى، يەنە كېلىپ يېمەكلىكلەر باھاسى ئۈچۈن ھازىرمۇ مالىيەدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلىۋاتىدۇ، قوشۇمچە ياردەم پۇلى گېرمانىيە ۋە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسىدىن بېرىلىدۇ. پولات، كۆمۈر، نېفىت، توك قاتارلىقلار بويىچە تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي كەلگەنىدى، 1956-يىلى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ماسلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن باھا قويۇۋېتىلدى. ئۆي ئىجارىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە كەلسەك، 80-يىللاردا ئائىلە بېشىغا بىر يۈرۈشتىن ئارتۇق تۇرالغۇ توغرا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن باھا قويۇۋېتىلدى. مېنىڭچە گېرمانىيىنىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان ئۇسۇلىنى ئەينەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

باھا قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ كېتىۋەرمەيدۇ، مال باھاسىنى داۋاملىق تەڭشەپ، تېزگىنلەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بازار ئارقىلىق بۇنداق تەڭشەش-تېزگىنلەش ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە نازۇك بولىدۇ، بۇ ھال پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدىكىدىن يۇقىرى كەسپىي سەۋىيىنىڭ ۋە تەڭشەش-تېزگىنلەش سەنئىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ قوللانماقچى بولغان تەدبىرلىرىنىڭ قانداق ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش، ھېسابلاش ھەمدە بۇ تەدبىرلەرنى ماسلاشتۇرۇش ھەتتا رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. سانائەت-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ قايچىسىمان پەرقى بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى پەيدىنپەي قويۇۋېتىش كېرەك. پەيتىنى پۇختا ئىگىلەش، ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك، باھانىڭ ئۆسۈشىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ، ئاشلىق، پاختا، ماي قاتارلىقلارنىڭ باھاسىنى، ئاشلىق، پاختا، ماي قاتارلىقلارنى زاپاس ساقلاش، ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىشنى ۋە تەڭشەش فوندىنى باشقۇرۇش، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ( خىمىيۋى ئوغۇت، يېزا ئىگىلىك دورىلىرى قاتارلىقلار )نى ئىشلەپچىقىرىشنى، ئۇنىڭ باھاسىنى ۋە ئۇنىڭغا مالىيەدىن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش ئىشىنى باشقۇرۇش كېرەك. مال باھاسى ئۈچۈن مالىيەدىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ ھەم قالدۇرماسلىق كېرەك. گېرمانىيەدە تا ھازىرغىچە يېمەكلىك، كۆمۈر، قاتناش قاتارلىقلار ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلمەكتە. ئەگەر مال باھاسىنى تەڭشەش-تېزگىنلەش ئىشىنى ۋاقتىدا ئوبدان تۇتالمايدىغان ھەمدە بۇ خىزمەتنى بارغانسېرى ئىنچىكە ئىشلىمەيدىغان بولساق، پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىمىز-دە، ئىقتىسادىي مۇقىملىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

# پۇلنىڭ پاخاللىششىنى كونترول قىلىش كېرەك

ۋېي شىڭخۇا

( جۇڭگو خەلق داشۆسى ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى )

خەلق ئىگىلىكىمىز 1992-ۋە 1993-يىلى ئۇدا ئىككى يىل تېز سۈرئەتتە ئېشىش ئاساسىدا، بۇ يىلمۇ تېز سۈرئەتتە ئاشماقتا. 1993-يىلدىكى تېز سۈرئەت 1992-يىلدىكى تېز سۈرئەتتە ئېشىش ئاساسىدا ئەمەلگە

ئاشۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش تەدبىرى كۈچەيتىلىپ، سۈرئەت ئاستىلىتىلغان ئەھۋالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. سۈرئەتنىڭ بۇنداق تېز بولۇشىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا بەكرەك تېز بولۇپ كەتكەنلىك دېيىشكە بولىدۇ. بۇلتۇر ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ھەممىگە مەلۇم بولغان بىر قاتار گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى، بولۇپمۇ مال باھاسى ھەددىدىن زىيادە ئۆرلەپ كېتىپ، كەڭ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى. مەملىكەت بويىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى %13 ئۆرلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. چوڭ ۋە ئوتتۇرا 35 شەھەردە تۇرمۇش راسخوتىنىڭ باھاسى ئاز كەم %20، مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى %38تىن كۆپ ئۆرلىدى.

1993-يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە قارىتا، مەركەز ھەم مەلۇم جەھەتتىكى ئىقتىسادتا قىزىپ كېتىش ئەھۋالىنى كونترول قىلىش، ھەم ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل تېز سۈرئەتتە ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ” يېنىك قونۇش “ تەدبىرىنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، لېكىن ” يېنىك قونۇش “نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاقراق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ پۇلنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە پاخاللىششىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە زور ھەجىمدە تۆۋەنلىتىش قىيىن، چۈنكى پۇلنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە پاخاللىششى بىر خىل ئېنېرتسىيىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن تەڭلىشىپ ياكى يېقىنلىشىپ ماڭىدۇ. 1994-يىلى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى يەنىلا تەخمىنەن %10لىك سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر تېخى تۈپتىن ھەل بولغىنى يوق. شۇڭا پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى 1994-يىلى يەنىلا زور ھەجىمدە ئۆرلەش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

بۇ يىل بىرىنچى پەسىلدە، مەملىكەت بويىچە تاۋارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %20، يۇقىرى بولدى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا 35 شەھەردە تۇرمۇش راسخوتىنىڭ باھا كۆرسەتكۈچى %24تىن ئاشتى. 1-ئايدا %3.6كە، 2-ئايدا %3.3كە يەتتى، 3-ئايدا مەركەز مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان بولغاچقا، باھانىڭ ئۆسۈشى ئاستىلاپ، %0.9كە چۈشتى.

ئەگەر پۇل پاخاللاشقان مەزگىلدە، باھا، ئىش ھەققى ۋە ئۆسۈمنىڭ ھەممىسى ئوخشاش نىسبەت بويىچە ئۆزگەرتىلىپ تۇرسا، ھېچكىمنىڭ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە نىسبەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ئوخشاش بولمايدۇ. نىسپىي باھادا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، مەملىكىتىمىزدە ئىش ھەققى ۋە ئۆسۈم نىسبىتىنى مال باھاسى نىسبىتى بىلەن ئوخشاش ئۆستۈرۈپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق قىلىنغاندا، مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ: بىرى، كىرىم ۋە بايلىق ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار ئوتتۇرىسىدا قايتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىش ھەققىگە تايىنىدىغان كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە مۇقىم كىرىمگە تايىنىدىغان باشقا قاتلامدىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرايدۇ، پەقەت ئېلىپ-ساتىدىغانلار، ھايانكەشلەر پايدا ئالىدۇ. يەنە بىرى، ئوخشاش بولمىغان تاۋارلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈش نىسبىتى ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن، نىسپىي باھا بىلەن مەھسۇلات مىقدارىدا ئېگىز-پەسلىك كېلىپ چىقىپ، قۇرۇلمىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق ۋە ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. قىسقىسى، مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا،

پۇلنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە پاخاللىششى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىغىمۇ، ئىسلاھاتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگىمۇ پايدىسىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇلنىڭ پاخاللىششىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىشنى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىشىمىز كېرەك.

ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇش بىلەن پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى قانداق قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى مۇھىم مەسىلىدۇر. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى كۈچى ۋە كونكرېت شارائىتى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، كېيىنكى يىللاردا ئىقتىسادنىڭ يىلىغا %9—%10 ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتىنى يىلىغا %5—%6لىك سەۋىيىدە كونترول قىلالىساق، ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ، بۇنى تىرىشىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. 1994-يىللىق ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشى %10تىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتىنى %10 ئىچىدە تىزگىنلەش قىيىن، تەخمىنەن %13كە يېتىشى ياكى يېقىنلىششى مۇمكىن. ئەگەر بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى بۇلتۇرقىدىن %2 تۆۋەنلىسە، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتمىسە، ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە چوڭ مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ. دۆلەت كۈچىدىن ھالقىپ، داۋاملىق بىر تەرەپلىمە ھالدا تېز سۈرئەتنى قوغلاشقان، ھەتتا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى بۇلتۇرقىدىن بەكلا ئاشۇرۇۋېتىدىغان بولساق، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا زىددىيەت ۋە مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىم تۈزەش-ياخشىلاش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولىمىز، ئىقتىسادىمىز بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ كېتىدىغان كونا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

پۇلنىڭ پاخاللىششىنى كونترول قىلىشتا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ھەددىدىن زىيادە تۆۋەنلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئىشسىزلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. ئەگەر ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە تېز تورمۇزلاش تەدبىرىنى قوللىنىدىغان بولساق، بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ كېتىدىغان، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىمەن دەپ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى قۇربان قىلىدىغان ۋە ئىشسىزلارنى كۆپەيتىۋېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ، نەتىجىدە يېڭى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ. بىز بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشىمىز لازىم. ئەگەر ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتىنى %13تىن تۆۋەنلىتىپ %10—%9كە چۈشۈرەلىسەك، ئۇ ھالدا سۈرئەتنى "قۇربان قىلغان" بولمايمىز، بەلكى ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز بولغان تولىمۇ يۇقىرى سۈرئەتنى مۇۋاپىق دەرىجىگە چۈشۈرگەن بولىمىز؛ ئىشسىزلار بەك كۆپىيىپ كېتىدىغان، شۇ سەۋەبتىن پاسسىپ تەسىر ئاكتىپ تەسىردىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقمايدۇ. پۇلنىڭ پاخاللىششىنى كونترول قىلغان ۋە تۈزىگەندە، بەزى پاسسىپ تەسىرلەر پەيدا بولىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاكتىپ تەسىرنى پاسسىپ تەسىردىن كۆپەيتىپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدىغانلا بولساق، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

www.uyghurkitap.com

# قۇرۇلما سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي مىقدارنى تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ياخشىلاش كېرەك

چېڭ شيۇشېڭ

( گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى )

بۇ يىل كىرگەندىن بېرى، ماكرولۇق ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلىنىش تەرىپىگە قاراپ راۋاجلىنىش بىلەن بىرگە، دۇچ كەلگەن ئاساسىي زىددىيەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پۇلنىڭ پاخاللىششى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى راۋان بولماسلىق مەسىلىسى بىللە مەۋجۇت، پۇلنىڭ پاخاللىشىش بېسىمى ھېلىھەم ئىنتايىن ئېغىر، مەھسۇلاتلار بېسىلىپ قېلىۋاتىدۇ ۋە بازار سۇرەلمەيۋاتىدۇ، كارخانىلار ئارا بىر-بىرىنىڭ قەرزىنى سۆرەش زىددىيىتى يەنىلا ئىنتايىن گەۋدىلىك. ئالدىنقى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماكرولۇق سىياسەتنى قىسىش تەلەپ قىلىنىدۇ، كېيىنكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ماكرولۇق سىياسەتنى بوشىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ماكرولۇق سىياسەتنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى بۇ ئىككى تەرەپنىڭ رېئال تۈرمۇشتىكى تەسىرىنىڭ نىسپىي كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشىغا باغلىق. رېئال ئىقتىسادىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مال باھاسى يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەندە، زىددىيەتنىڭ ئاساسلىق تەرىپى يەنىلا پۇلنىڭ پاخاللىششىدا بولىدۇ، شۇڭا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مال باھاسىنى تىزگىنلەشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

نۆۋەتتە، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە دۇچ كەلگەن ئاساسلىق قىيىن مەسىلە شۇكى، ئىقتىسادنىڭ ئېششىدا روشەن ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلما كېلىپ چىقتى. شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئېششى بىلەن شىمالىي رايون ۋە غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئادەتتىكىدەك ئېششى، دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان ئىقتىسادنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئېششى بىلەن دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ نورمال ئېششى، سانائەتنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېششى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ نورمال ئېششى بىللە مەۋجۇت. قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەت ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ تۇرماقتا. كەسىپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۈچ چوڭ كەسىپنىڭ يۈكسىلىشىدە ئىككىنچى كەسىپ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرماقتا، ئۇنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى ئۈچىنچى كەسىپ ۋە بىرىنچى كەسىپنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تېز بولماقتا، بوغما كەسىپلەرنىڭ چەكلىشى بىلەن مەھسۇلاتلارنىڭ بېسىلىپ قېلىشى تەڭ مەۋجۇت، بۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ناھايىتى كۆپ. رايون قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، 1992 — 1993-يىللىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى، ئەمما ھەممە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشقىنى يوق. ئاساسەن دېڭىز بويىدىكى بەزى رايونلارنىڭ ئېششى سۈرئىتى تېز بولدى. گۇاڭشىدىن شەندۇڭغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەتتە ئۆلكە، شەھەر (شاڭخەي بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ ئېششى سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېششى سۈرئىتىنىڭ 70 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، قالغان 23 ئۆلكە، شەھەرنىڭكىنى قوشقاندا ئاران 30 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ يەتتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ

سانائىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ ئاستا بولغانلىرىنىڭمۇ %20تىن يۇقىرى بولدى، كۆپىنچە ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ %30تىن يۇقىرى بولدى. چېگرا بويى رايونلىرىدا، خېيلۇڭجياڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭدىن تارتىپ يۈننەنگىچە بولغان جايلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىر خانىلىق سان ئىچىدە بولدى، بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تولىمۇ چەكلىك بولدى، رايونلار ئارا سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بەزىلىرىنىڭ تېز، بەزىلىرىنىڭ ئاستا، پەرق ناھايىتى زور بولدى.

رايون قۇرۇلمىسىغا باغلىنىشلىق بولغان بىر مەسىلە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. شەھەرلەردە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن كىرىمنىڭ ئېشىشى يېزىلارنىڭكىدىن بەكلا تېز بولدى. بۇلتۇر شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەمەلىي كىرىمى %10 كۆپەيدى، دېھقانلارنىڭ ئاران %2 كۆپەيدى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تېخىمۇ چوڭىيىپ كەتتى.

مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادى نورمال ئاشتى، ئېشىش سۈرئىتى ئىزچىل تۆردە بىر خانىلىق سان ئىچىدە بولدى. نۇرغۇن ئايلاردا %5تىن تۆۋەن بولدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ ئېشىش ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، يېزا-بازار كارخانىلىرى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى %40تىن يۇقىرى بولدى. ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ %50-%70 بولدى. بۇلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بەش ھەسسىدىن كۆپرەك پەرقلەندى. يېڭىدىن ئاشقان سانائەت مەھسۇلاتى ئىچىدە، دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى ئاران تۆتتىن بىر قىسمىنىلا، دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ مەھسۇلاتى تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى تەشكىل قىلدى. بۇ زىددىيەتلەر ئېلىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ بولغانلىقى، سانائەتلىشىش ۋەزىپىسىنىڭ تېخى ئورۇندالمىغانلىقى بىلەن، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يەڭگۈشلەش باسقۇچىدىن تېخى چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ زىددىيەتلەرنى قىسقا مۇددەتلىك تەڭشەش-تىزگىنلەش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ زىددىيەتلەر رېئال ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمىنى ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش مېخانىزمىنى روشەن دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلما كۆچىيىۋاتقان شارائىتتا، ئىگىلىكى تۆۋەن سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان رايون، كەسىپ ۋە كارخانىلار ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئەڭ ئاجىز بولغان ھالقا بولۇپ قالدى، ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەتنى قىسىش چېكى ئاساسەن چېگرا بويى رايونلىرى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ، شۇنىڭدەك دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ھەم تەرەققىيات ئەھۋالىغا باغلىق. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ بوشىتىلىش دەرىجىسى ئاساسەن دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ۋە دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان كارخانىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىكى تەڭپۇڭلۇققا كۆرسىتىدىغان تەسىر كۈچىگە باغلىق. 80-يىللاردىن بېرى، بىرقانچە قېتىملىق ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش بىر بولسا دېگەن جايىغا يەتمىدى، بىر بولسا دېگەن جايىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، قۇرۇلما خاراكتېرلىك زىددىيەتنىڭ قوش قاتلاملىق چەكلىشى بۇنىڭ سەۋەبىدۇر.

ماكرولۇق تەدبىر كۆرۈش تۈرلۈك رېئال زىددىيەتلەرنىڭ ئورتاق تەسىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئەمەلىي سىياسەت تاللاشتا ئىمكانىيەت كۆپىنچە چەكلىك بولىدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكى بىلەن دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ ئېشىشى تېز بولماقتا، ئىچكى قۇرۇقلۇق

رايونلىرنىڭ ئىگىلىكى بىلەن دۆلەت مۇلۇكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىز، شۇڭا ماكرولۇق سىياسەتنى قويۇۋېتىش ياكى چىڭىتىش ئىمكانىيىتى تولىمۇ چەكلىك. بۇنداق ئەھۋالدا، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش جەھەتتە تېخىمۇ قىسىپ، ئىقتىسادنى سوۋۇتۇۋېتىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنى قىزىتىشقىمۇ بولمايدۇ، ”ئىسسىق ساقلاش، ئاز-ئازدىن تەڭشەش“ سىياسىتىنى قوللىنىش، ھەم ھازىرقى ھارارەتنىمۇ ساقلاش، ھەم ئاز-ئازدىن تەڭشەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق پارامېترىنى ئالدىن كۆزلەنگەن نىشاندىكىگە يېقىنلاشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈش كېرەك.

رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە پۇل مۇئامىلە ۋاستىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا قوللىنىش زۆرۈر، لېكىن ئومۇمىي مىقدارنى پۇل مۇئامىلە ۋاستىسىگىلا تايىنىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تولىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مالىيە سىياسىتى، مەبلەغ سېلىش سىياسىتى ۋە ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشكە دائىر باشقا ۋاستىلەرنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە قوللىنىش كېرەك. ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتە ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەمما يالغۇز ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشكىلا تايىنىش تولىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە قۇرۇلما سىياسىتى، جۈملىدىن كەسىپ قۇرۇلمىسى سىياسىتى ، رايونلار قۇرۇلمىسى سىياسىتى، شەھەر-يېزا قۇرۇلمىسى سىياسىتى، شۇنىڭدەك كىرىم قۇرۇلمىسى سىياسىتىنى يەنىمۇ تولۇقلاپ ۋە قوللىنىپ، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قۇرۇلما جەھەتتىكى زىددىيەتنى پەسەيتىشكە تىرىشىش لازىم. يىراقراق مەزگىلدىن قارىغاندا، ئۈنۈملۈك بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، بولۇپمۇ كارخانا تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## مەسىلىنى تۇتۇپ، ئەمەلىي چارە قوللىنىش كېرەك

دەي گېنيۇ

(مەركىزىي مالىيە-ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مالىيە-ئىقتىساد گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)

ھازىر ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە ئىنتايىن زىددىيەتلىك بەزى ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى خېلى ئىزىغا چۈشكەن بولسىمۇ، پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمى يەنىلا ئېغىر بولماقتا؛ مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى كىچىكلىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما قىسمەن مەبلەغ سېلىش بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىكار تۇرۇپ قېلىش، مەھسۇلات ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى؛ پۇل مۇئامىلىسى ئەھۋالى ئاساسەن نورماللاشقان بولسىمۇ، كارخانىلارنىڭ مەبلىغى خېلىلا قىس بولماقتا؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەننەرخىنىڭ ئۆسۈشى بەك تېز بولۇپ كەتكەچكە، ئۈنۈمى جەھەتتە

دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىراق پارچە سېتىش بازارلىرىدا باھانىڭ ئۆسۈشى بەك تېز بولۇپ كەتكەچكە، تىزگىنلەش چارىسىنى قوللىنىش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت مۇلۇكچىلىكىدە بولمىغان ئىگىلىك تېز ئېشىۋاتىدۇ، دۆلەت كارخانىلىرى بولسا زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ ۋەھاكازالار. بۇ رېئاللىقتىكى ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىگىلىكىمىزنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ مىكرولۇق ئاساسى ئۈستىدىكى ئىسلاھاتنى، ئالدى بىلەن دۆلەت كارخانىلىرى ئۈستىدىكى ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

نۆۋەتتە، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلەش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ھازىر مال باھاسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى تۇراقلىق، ئەمما تۇرمۇش ۋاستىلىرى باھاسىنىڭ ئۆرلەش بېسىمى ئېغىر. جۈملىدىن تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئىچىدە بولۇپمۇ دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ۋە دېھقانچىلىق-قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇ-لاتلىرىنى خام ماتېرىيال قىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلەش بېسىمى ئېغىر. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ يىل مال باھاسىنى تىزگىنلەشتە ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، بىرمۇنچە رايونلار " قوشۇمچە يېمەكلىك قۇرۇلۇشى "نى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ھازىر بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ساھەلەرنىڭ مونوپول قىلىشى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر، شۇڭا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى ۋە پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى تىزگىنلەشتىن مەقسەت ئىقتىسادنىڭ ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش. مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نۇقتىسىنى تېپىش كېرەك. پەقەت تەرەققىياتلا چىڭ داۋلى. ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىشمۇ مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى. ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۆچمە مەبلەغ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇلتۇر تۆتىنچى پەسىلدە، مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇشنىمۇ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىمۇ تەڭ نەزەرگە ئېلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جانلىق تەڭشەش تەدبىرىنى قوللاندۇق. بۇ يىل خىزمەتنى چوقۇم تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىيەلەيمىز.

ئىككىنچىدىن، قۇرۇلمىنى تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سۈرئەت، قۇرۇلما ۋە ئۈنۈمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك. نۆۋەتتە ماكرولۇق ئىگىلىك ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى مۇقىم بولۇۋاتقان بولغاچقا، ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشتە چوڭ تەدبىر كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا كۈچنى قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىش كېرەك. قۇرۇلمىنى تەڭشەشتە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىدە بەكرەك يىراقنى كۆرۈشىمىز كېرەك. 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئېلىمىزنىڭ كېلەچەكتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئەندىزىسى بەلگىلەندى، بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ ئومۇمىي ئەندىزە بولۇشى كېرەك. ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا، يېزا ئاھالىسىنىڭ شەھەرلىشىش تەرەققىياتى كېلىپ چىقىدۇ،

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى تېزگىنلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. ئىگىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ چوڭ ئىشنى هازىردىن باشلاپ ئىشلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادىي تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. داۋاملىق تۈردە پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ئوڭشاپ، قالايمىقان قىسقا مۇددەتلىك ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش، قالايمىغان مەبلەغ توپلاش، قالايمىقان ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئەھۋاللىرىنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ قەرز ئىشلىرى تەرتىپىنى كۈچەيتىپ، ”ئۈچ بۇرجەكلىك قەرز“نى تۈگىتىش كېرەك؛ مونوپولىيىگە ۋە كۆپلەپ هارام پايدا تېپىش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش لازىم؛ ئىستېمال فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىسلاھات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، مۇقەررەر هالدا پەيدىنپەي كارخانىلارغا، بولۇپمۇ دۆلەت مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا كارخانىلارغا كىرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باب كېلىدىغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىش، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا تولۇق هۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى ۋەزىيەتكە يارىشا يېتەكلەپ تەشكىللەش لازىم. بۇ خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىسەك، ئىگىلىكىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى ۋە جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان بولىمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان، ئايشام تاۋار، رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل تەھرىرلەر: ئايشەم تاۋار، ئەركىنجان، ئالىمجان سابىت**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈزىتىش

نەشرىياتىمىز 1993-يىل 3-ئايدا نەشر قىلغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» دېگەن كىتابنىڭ تۈزگۈچىلىرى خەلىم سالىخ، ۋاڭ جېنبېن، تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلىرى ئابدۇسالام ئابباس، رەقىپ ۋاھاپ بولۇشى كېرەك ئىدى، كىتابتا تۈزگۈچىلەر ئابدۇسالام ئابباس، خەلىم سالىخ، تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر ۋاڭ جېنبېن، رەقىپ ۋاھاپ دەپ خاتا بېسىلغان، ئاپتورلار-نىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ تۈزىتىش بېرىلدى.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

**1994-يىل 6-ئاينىڭ 27-كۈنى**

《求是文选》（维吾尔文版）　国外代号:M5——V 国内统一刊号:CN11--2498

邮发代号 2—373　定价:0.95 元　邮政编码:　100013